# مەرىپەت

3
2022

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2022-يىللىق 3-سان . ئومۇمىي 39-سان

- خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتلەرنى يېڭىش ھەققىدە ئويلىنىش
- داغدام يولدا ماڭامدۇق ياكى چىغىر يولدىمۇ؟
- دېئىزم
- پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ غايىلىرى



# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە. . .

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ سەككىزىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز قەدىرلىك ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ–قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۇتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

**كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى**

100 دوللار

بۇ ساندا تۈركىيەدىن دوكتور تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللا مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى

مۇبارەك بولسۇن!

# مۇندەرىجە


❋ ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە ۋەدىسى
.......ئاتائۇللاھ خەلپەت ھاجىم 5

❋ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ غايىلىرى ........
................ ئابدۇلئەھەد ھاپىز 9

❋ ياخشى ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتلىرى.....
........... ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 18

❋ دېئىزىم ۋە ئۇنىڭ ئىددىيەۋىي قاراشلىرى
....................... تاھىرجان ئاباس 35

❋ داغدام يولدىن ماڭالمىدۇق ياكى چىغىر يوللاردىنمۇ........ھەببۇللا تەكلىماكانىي 45

❋ مۇنەۋۋەر ياشلىرى بولمىغان جەمئىيەت زاۋاللىققا مەھكۇمدۇر...................
..........سۇمەييە مۇھەممەد تەرجىمىسى 53

❋ نۆۋەتتە خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا........مۇھەممەد يۈسۈپ 57

قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان..........
❋ ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى 63

❋ كورلا دىيارىدا پارلىغان يۇلتۇز —— ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجىم.........ئەبۇبەكرى مۇھەممەد 74

❋ مىڭگە قان تومۇر كېسەللىكلىرى توغرىسىدا
.......مۇتەللىپ ئەلىي ھاجى ئەمچى 79



معرفة

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي
پەسىللىك ژۇرنال

2022
HAPPY NEW YEAR

3-سان (ئومۇمىي 39-سان)




ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئاتاۋۇللا سەئىد
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)



مۇشتەرىي بولۇڭ
ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
www.meripetjournal@gmail.com
www.merifet.net



## ئابدۇقادىر داموللام ئۈگۈتلىرىدىن...

ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى مەيلى ئاز قىلسۇن ياكى كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلگە باغلىق.

زاماننىڭ ھاتەملىرى سانىلىدىغان ئەرلەر — مۇھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن، بىناۋالارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان، ھەق سۆزنى ئېيتقان كىشىلەرنى ھىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر.

ئالىملار ئۆز ئىلمىنى ئەترابقا رىياسىز تارقاتسا، ئۇلارنىڭ ھەربىر لەۋزىدىن قەنت-شېكەر تامسا، ئالەم نۇرغا تولۇپ زاماننىڭ قاراڭغۇسىمۇ يورۇيتتى.

ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، قۇرۇق دىمەي بۇ سۆزگە قۇلاق سال: غەيرەت ئەھلى دائىم قانائەتچان بولسا نىمەدىگەن ياخشى؟ بىر مىسال باركى، كىشىدىن تەمە قىلماق گويا ئۆكۈزدىن سۈت، مۇزدىن ئوت تەمە قىلغان بىلەن باراۋەر.

ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ، ئۇنى «يېپىۋەتتى» دەپ باشقىلارنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆز قەلبى سىغدۇرالمىسا باشقىلارنىڭ قەلبى قانداق سىغدۇرالىسۇن؟!




ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىن ـ سالىھ بەندىلىرىگە غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلىپ، يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لەۋھۇلمەھپۇزغا يازغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا): «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق.﴾[1]

بۇ ئايەتتىكى (زېمىن) دېگەن سۆزنى بەزى مۇپەسسىرلەر «جەننەت زېمىنى» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتنى: «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ئەزەلدە يازغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلىرىمىزدىمۇ، ‹جەننەتكە مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ› دەپ يازدۇق. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ھاياتىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن تەقۋادار مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىدىغانلار بولۇپ، خۇددى بالا ئاتىدىن مال ـ دۇنيانى مىراس ئېلىپ ۋارىسلىق قىلغاندەك، ئۇلارمۇ جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە مەڭگۈگە شۇ جەننەتلەردە قالىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان «زېمىن» دېگەن سۆزدىن كاپىرلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «قۇرئان

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.

كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ سەلتەنەت قۇرغان مۆئمىنلەر كاپىرلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى پەتھى قىلىپ، ئۇ جايلاردا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلىدۇ. ئەمما بىز «قۇرئان كەرىم» دە تەرىپلەنگەن ھەقىقىي مۆئمىنلەردىن بولالىدۇقمۇ - يوق؟ بىز ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان دەرىجىدە مۆئمىن بولالىدۇقمۇ - يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئەللامە مۇھەممەد راتىپ نابلىسى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت بىزگە ئىلاھىي قانۇنىيەتنى بايان قىلىپ بەرمەكتە. سالىھ بەندىلەر كىملەر؟ ئاللاھ بۇ دۇنيا ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇنىيەت، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بەلگىلىگەن. سالىھ بەندىلەر - زېمىننىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئىقتىدارىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن كائىنات قانۇنىيەتلىرى ئىچىدە شۇنداق بىر قانۇنىيەت بار بولۇپ، ئۇ ‹ئىشلىگەن چىشلەيدۇ› دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھاياتتا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى بىلىدىغان، بېرىلىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر غەلىبە قىلىدۇ. يەر يۈزىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئەلۋەتتە كۈچلۈك بولغانلاردۇر. ھەر كۈنى تولۇق سەككىز سائەت ئىشلەيدىغان ئىنسانلار بىلەن ھەر كۈنى ئون يەتتە مىنۇتلا ئىشلەيدىغان ئىنسانلار ئوخشاشمۇ؟ كېيىنكىلەرنى ئالدىنقىلاردىن كۈچلۈك دېگىلى بولامدۇ؟ ياق! شەكسىزكى، كۈندە سەككىز سائەت تولۇق ئىشلەيدىغانلار كۈندە ئون يەتتە مىنۇت ئىشلەيدىغانلاردىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر. شۇڭا دەيمىزكى، دۇنيانى كۈچلۈكلەر باشقۇرىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيادا كۈچلۈك بولۇشنىڭ مەلۇم قانۇنىيىتى بار بولۇپ، ئۇ ئىشلەشتۇر. ئەگەر سىز بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلسىڭىز، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالىسىز. ئاخىرەتنىڭ قانۇنىيىتى باشقا، بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى باشقىدۇر. مۆئمىنلەرنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى بار. ئەگەر ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، ئۇلار بۇ دۇنياغا ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلار بۇ دۇنياغا ئىگە بولالمىسا، بىزدەك مۇستەملىكىدە قالىدۇ. شۇڭا بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىشلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا ﴿لەۋھۇلمەھپۇزغا يازغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا): «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق﴾ دېدى. مۇئمىنلەر ئەگەر ئۆزىدە يەر يۈزىنى ئىدارە قىلىشقا لاياقەت ھازىرلىيالىسا، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنى يەر يۈزىگە ئىگە قىلىدۇ. ﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...﴾[1]

ئەگەر مۇئمىنلەر باشقىلاردەك ئىشلىمىسە، ھورۇنلۇق قىلسا، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋەزىپىنى جارى قىلدۇرالمىسا، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە ھەرىكەت قىلمىسا، ئۇلار ئاجىزلاردىن بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ كەمچىلىكنىڭ ۋابالىنى تارتىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئىشلەيدىغانلار قازىنىدىغان جايدۇر. ﴿ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغىنىغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن[2]. ئاخىرەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغان جايدۇر. ﴿ئۇ يەردە (جەننەتتە) ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار﴾[3].

ئىمان، ئىستىقامەت (دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش) ۋە ياخشى ئەمەل ئاخىرەتلىك دەسمايىلەردۇر. بىر مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتقان، ئىستىقامەتتە مۇستەھكەم بولغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ، دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم بۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىشقا لاياقەتلىك بولمىسا، ئۇ ھەرگىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە لاياقەتلىك بولالمايدۇ. شۇڭا ئەگەر سىلەر كۈچلۈك بولۇشنى خالىساڭلار، سىلەرنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىشقا لاياقەتلىك بولۇشۇڭلار شەرتتۇر»[4].

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ

[1] نۇر سۈرىسى، 55 - ئايەت.
[2] ئىنشىقاق سۈرىسى، 6 - ئايەت.
[3] نەھل سۈرىسى، 31- ئايەت.
[4] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسىنىڭ 2004 - يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈندىكى لېكسىيەسىدىن.

سالىھ بەندىلىرى بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ دۇنيادا كۈچلۈك، ئاخىرەتتە ھۆرمەتلىك بولىدۇ. بۇ دۇنيادا كۈچلۈك بولغانلار باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلمەيدۇ، بوزەك قىلىنمايدۇ، خارلانمايدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ جەننەتكە ۋە ئىززەت-ئىكرامغا نائىل بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا سالىھ بەندىلىرىگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردىمۇ؟

ئاللاھ تائالا سالىھ بەندىلىرى ئۈچۈن قىلغان يۇقىرىدىكى ۋەدىسىنى مۇشۇ دۇنيادا كۆپ قېتىم ئەمەلگە ئاشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ھارماي-تالماي ئىشلەپ ئاز مۇددەت ئىچىدە مەككە-مەدىنىدىكى كاپىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىدا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدەتكەن. سالاھۇددىن ئەييۇبى ئازغىنە مۇددەتتە ئەھلى سەلىب بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، پەلەستىننى ئازات قىلىپ، ئوتتۇرا شەرقتە كۈچلۈك ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرغان. پاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ئىستانبۇلنىڭ مۇستەھكەم قەلئەلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىپ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرغان. تارىختا مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن باشقىمۇ كۆپلىگەن غەلىبىلەر ۋە ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزمۇ قارىخانىيلار دۆلىتى، سەئىدىيە خانلىقىغا ئوخشاش كۈچلۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ نەچچە يۈز يىل مۇستەقىل ياشىغان. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىي نامايەندىلىرىدۇر. ئەگەر بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش سالىھ بولالىساق، ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەت قىلالىساق، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى يەنە ئەمەلگە ئاشىدۇ ئەلۋەتتە.

(ئاتائۇللاھ خەلپەتھاجىمنىڭ ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنى خاتىرلەش كۈنىدىكى نۇتقىدىن ئېلىندى).




ئاللاھ تائالا بۇ ئالەمنى بىھۇدە ياراتمىغاندەك، ئىنساننىمۇ مەقسەت ۋە غايىسىز ياراتقان ئەمەس. ئىنسانلارنى يارىتىلىش غايىسىگە ئۇيغۇن ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالاھىدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈلگەن، مەيلى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى مەيلى كېيىن ھاياتىنىڭ ھېچبىر باسقۇچىدا يامان قىلىق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلمىغان، ئۇنى تونۇيدىغان بارلىق ئىنسانلار ئۇنى ياخشى كىشى دەپ تونۇيدىغان، سەرخىل زاتلاردۇر. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى بولغان پەيغەمبىرىمىز جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى قەۋمى ئىچىدە «راستچىل ۋە ئىشەنچلىك» دەپ تونۇلغان زات ئىدى. كېلىشى ۋە كېتىشى ھەققەت ئۈستىدە بولغان بۇ پەيغەمبەرلەر جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەن ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ غايىسى نېمە؟

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ غايىلىرى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى بەش نەرسىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. قۇلچىلىقنى ئۆگىتىش.

2. تەبلىغ قىلىش.

3. باھانە ئىشكىنى ئېتىش.

4. ياخشى ئۈلگە بولۇش.

5. دۇنيا ـ ئاخىرەت تەڭپۇڭلۇقى بەرپا قىلىش.

بىرىنچى غايە: قۇلچىلىقنى ئۆگىتىش:

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش غايىسى، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا قۇل بولۇپ، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئېتىشتۇر. بۇنى قىسقىچە «ئىبادەت قىلىش» دەيمىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى غايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.﴾[1]

دېمەك، بىزنىڭ يارىتىلىش غايىمىز يەپ ـ ئىچىش ، مال ـ مۈلۈك ۋە خوتۇن ـ بالا ساھىبى بولۇش ئەمەس. بۇلار بىزنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىمىز. بىزنىڭ يارىتىلىش غايىمىز، ياراتقۇچىمىز ۋە ئىگىمىز ئۇلۇغ ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا قۇلچىلىق قىلىشتۇر. پەيغەمبەرلەر بىزگە مانا مۇشۇ غايىنى ئۆگىتىش ۋە قۇلچىلىقنىڭ يولىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبىرىم!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە: «مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.﴾[2] ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ساختا ئىلاھلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلارمۇ بار، ئازغۇنلۇققا تېگىشلىك بولغانلارمۇ بار. سىلەر يەر يۈزىدە كېزىپ، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار.﴾[3]

مانا بۇ ئىككى ئايەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش غايىسىنىڭ ئىنسانلارنى بۇتلارغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساختا خۇدالارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، يالغۇز بىر ئاللاھقىلا قۇلچىلىق ـ ئىبادەت قىلىش يولىنى كۆرسىتىش ۋە بۇ يولدا ئۇلارغا ئۈلگە بولۇش ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

[1] زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى، 25 ـ ئايەت.
[3] نەھل سۈرىسى، 36 ـ ئايەت.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلىشى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھەم ئىنسان ھەم جىنلارغا ئاللاھقا قۇلچىلىق يولىنى كۆرسىتىش ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە بىر يەرگە باردۇق، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئەتراپىمغا بىر سىزىق سىزغاندىن كېيىن: ‹بۇ سىزىقنىڭ تېشىغا چىقمىغىن› دەپ، تاپىلاپ مەندىن يىراقلاشتى. كېيىن مەن غەلۋە-غۇدۇر ۋە گۈلدۈرلەش ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم. رەسۇلۇللاھقا بىر ئىش بولدىمىكىن دەپ، بەك ئەنسىرىدىم. لېكىن ماڭا بۇ سىزىقتىن ئۆتمەسلىكىمنى تەنبىھلىگەنلىكى ئۈچۈن تۇرغان يېرىمدىن مىدىرلىمىدىم. بىر مۇددەتتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ قايتىپ كەلدى. ئاڭلىغان گۈلدۈرلەش ئاۋازلىرىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ: ‹يا رەسۇلەللاھ ! ئۇ ئاۋازلار ۋە گۈلدۈرلەشلەر نېمە ئىدى؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ جاۋاپ بېرىپ: ‹جىنلاردىن بىر گورۇھ ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ بەيئەت قىلدى. ئاندىن جىنلار ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرىلەر باشلاندى، ئىمان كەلتۈرگەنلەر بىلەن ئىمان كەلتۈرمىگەنلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتى. سەن ئاڭلىغان ئاۋازلار ئەنە شۇلارنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا ۋاپاتىم خەۋەر بېرىلدى› دېدى.»[1]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى، مېنىڭ ئەۋەتىلىش غايەم ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش ئىدى. جىنلار ئىمان كەلتۈرگەن ئىكەن، مېنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپەم تۈگىدى، دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ۋاقتىم كەلدى دېگەنلىكتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىكنىڭ غايە ۋە نىشانلىرىغا ئائىت سىرلارنى بايان قىلاتتى. ئەسلىدە ئۇ بىزلەرگىمۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاش ھەققىدە مۇنداق بىر دۇئا ئۆگەتكەن ئىدى: «ئى رەببىم! ياشاش مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ياشاتقىن، ئەگەر ۋاپات بولۇش مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن».[2]

ئىككىنچى غايە: تەبلىغ

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش غايىلىرىدىن بىرى ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ

[1] ئىمام تەبەرى رىۋايىتى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىش ـ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر پەيغەمبەرلەر كەلمىگەن بولسا، بىز ئىبادەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنى بىلەلمەيتتۇق، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمەنلىرىنى ئالالمايتتۇق ۋە ۋەزىپىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلالمايتتۇق. ناماز، روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەر قانداق ئورۇندىلىدۇ؟ ھاراق، قىمار، زىنا ۋە جازانىگە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟ بىلەلمەيتتۇق. مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆگەندۇق. بۇنى قىسقىچە: «رىسالەت ۋەزىپىسى» دەپ ئاتايمىز. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بىرلا دىننى ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرىدە شاخچە مەسىلىلەردىكى ھۆكۈملىرىدە پەرق بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئەسلى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسى بىردۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ ئومۇمىي غايىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ( پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ھېساب ئېلىشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.﴾[1]

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغان نېمە ۋە كىم بولسا بولسۇن، ئۇلارغا زەررىچىلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەبلىغ قىلغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن، ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ..﴾[2] يەنى ئەگەر سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىشتا كەمچىلىك قىلساڭ، بۇ پەقەت ئۆزەڭگىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشتا كەمچىلىك قىلغان بولىسەن. چۈنكى سېنىڭ تەبلىغ ۋەزىپەڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بىشارەت بېرىشتۇر. سەن ۋەزىپىنى ئاقساتساڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت زالالەت قاراڭغۇلۇقىدا قالىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئۈچىنچى غايە: باھانە ئىشكىنى ئېتىش

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش غايىلىرىدىن يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنى «بىز بىلمەپتىمىز، بىزنى بۇ كۈننىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر كىشى كەلمىگەن» دېگەندەك باھانە كۆرسىتىش يولىنى ئېتىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 39 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇقكى، ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەردىن كېيىن ئاللاھ ئالدىدا باھانىلىرى قالمىسۇن. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

پەيغەمبەرلەر ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئوخشمايدۇ، ئۇلار يارىتىلىشتىن تارتىپ ئالاھىدە ئىستېداتلار بىلەن يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھاياتى سۆزلىگەن ۋە تەبلىغ قىلغانلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سۆزىگە زىت كېلىدىغان ھېچقانداق بىر ھەرىكىتى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى تەسىرلىك، ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلالايدۇ. پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتكەن تەبىئەت قانۇنلىرىدىن بەزىلىرى بەزىدە ئىشلىمەيدۇ، بەزىدە ئۆزگىرىدۇ. بۇنى «مۆجىزە» دەيمىز. ھەربىر پەيغەمبەر كىشىلەرنى ئىشەندۇرۇش ۋە ئىشەنمىگەنلەرنىڭ باھانىلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆردى ياكى ئاڭلىدى. پەيغەمبىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ مۆجىزىلەر تارىخ بولۇپ قالدى. ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى ھازىرمۇ كۆرمەكتىمىز ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئۈممەتلەر كۆرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم «ماڭا پەيغەمبەر كەلمىدى، ئەگەر پەيغەمبەر كەلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم» دەپ باھانە كۆرستىشكە يول يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئازاپ قىلغۇچى ئەمەسمىز.﴾[2]

دېمەك، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى كاپىر ۋە ئاسىيلارنى ئازابلىسا، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئازابقا ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

تۆتىنچى غايە: ياخشى ئۈلگە:

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشىنىڭ غايىلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە ياخشى ئۈلگە بولۇشىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن...﴾[3] ئويلاپ باقايلىكى، بۇ

[1] نىسا سۈرىسى، 165 ـ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئەنئام سۈرىسى، 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە ئەمر قىلىنماقتا.

قۇرئان كەرىم بىزگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۇەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾[1] پەيغەمبەرلەر بىز ئۈچۈن بىر يولباشچى ۋە رەھبەردۇر. نامازدا ئىمامغا ئەگەشكەندەك، ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىمىز. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بىزگە ھەقىقىي ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەدەممۇ قەدەم ئەگەشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەر جانابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىدا مۇنداق مەدھىيىلەنگەن: «ئىنسانلارنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇ، ئىنسانلاردىن بىر جامائەت غازاتقا چىقىدۇ، ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ دېيىلىدۇ، ئۇلار بار دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا فەتىھ (غەلىبە) مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. كېيىن ئىنسانلاردىن باشقا بىر جامائەت غازات قىلىدۇ. ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەسىنى كۆرگەنلەر (تابىئىنلار) بارمۇ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار بار، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. كېيىن يەنە بىر جامائەت غازات قىلىدۇ. ئۇلارغا ئاراڭلاردا تابىئىنلارنى كۆرگەن كىشى بارمۇ دېيىلىدۇ. ئۇلار بار دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ».[2] رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئەسىرىمدە مەن بىلەن بىرگە ياشىغانلاردۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەر (ساھابىلار بىلەن ياشىغانلار)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر (تابىئىيلار بىلەن ياشىغانلار)دۇر.»[3]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلىرىدە ئۆزىگە يېقىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھاياتىنى، ھېسسىياتلىرىنى ۋە پىكىرلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا، ھېسسىياتلىرىغا ۋە پىكىرلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ئىش قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلىپ بۇ مۇبارەك زاتقا ئوخشاش ياشاش مۇسۇلمانلارنىڭ غايىسى بولۇشى لازىم ئىدى، ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى.

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 21 ـ ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ساھابە كىراملار تابىئىنلار ۋە تەبئى تابىئىنلار (تابىئىنلار بىلەن ياشىغانلار) بۇ مەسىلىدە باشقىلارغا كۆرە ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. شۇڭا ئۇلار باشقا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەلدۇر. شۇنداق، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىشتە شۇنداق بىر مەرتىۋىگە يەتكەنكى، ئۇنىڭ ئازراق يوقىرىسىدا پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بار. بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى: ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە ۋە رەھبەر قىلىپ بارلىق ھاياتى بويىچە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياشىغان ئىدى. ئۇ ھاياتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات تەرزى بىلەن بېزىگەن ناھايىتى تەقۋادار بىر زاتتۇر.

رىمنىڭ بىزىنتىيە دەرۋازىلىرى ئاخىرغىچە ئېچىلىپ، دۆلەتلەر، ھۆكۈمدارلار ئۇنىڭغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغان، قۇددۇس شەھىرى ئۇنىڭ دەۋرىدە ئازاد قىلىنغان ئىدى. مۇسۇلمانلار قۇددۇسنى ئەمەلىيەتتە ئازاد قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى خىرىستىيان پوپلار: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇ شەھەرنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان سۈپەتلىك كىشىنى كۆرمىدۇق» دەپ، شەھەرنىڭ ئاچقۇچىنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ ئەھۋال ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ قۇددۇسقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى يوق بەيتۇلمالدىن (دۆلەت خەزىنىسىدىن) بىر تۆگە ئارىيەت ئېلىپ خىزمەتچىسى بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىدۇ. يولدا كاتتا خەلىپە ئۆمەر خىزمەتچىسى بىلەن تۆگىگە تۆۋەتلىشىپ مىنىدۇ. شەھەرگە يېقىنلاشقاندا تۆگىگە مىنىش نۆۋىتى خىزمەتچىسىگە كېلىدۇ. خىزمەتچىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماستىن تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى تۆگىنى يېتىلەپ ماڭغان ھالدا شەھەرگە پىيادە كىرىپ كېلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا چىققان پوپلار مۇسۇلمانلاردىن خەلىپەڭلەر قايسى؟ دەپ سورايدۇ. تۆگىنى يېتىلەپ كىلىۋاتقان كىشى خەلىپە ئۆمەر، تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنى ئۇنىڭ خىزمەتچىسى، دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن پوپلار: «بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان، قۇددۇس شەھىرىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كىشى مانا مۇشۇ» دەپ، ئاچقۇچىنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرىدۇ.

مانا مۇشۇ بۈيۈك زات بىر خائىنىنىڭ زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان خەنجىرى ئارقىلىق زەھەرلىنىپ، ھالسىز ھالدا ياتاتتى. يېگەن ـ ئىچكەنلىرى قايتىپ چىقاتتى. ئاۋازى چىقمايتتى ۋە ئەتراپىدىكى ئاۋازلارغا ئىنكاس قايتۇرمايتتى. خىزمەتچى كېلىپ تائام ياكى سۇ بېرەيمۇ؟ دەپ سورىسا يا جاۋاپ بارمەيتتى ياكى كۆز ئىشارىتى بىلەن «ياق» دەيتتى. لېكىن «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ناماز»

دېيىلسە، مانا تۇردۇم، نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئىسلامدىن نېسىۋىسى يوق، دېگىنىچە يارلىرىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالدا نامىزنى ئادا قىلاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا مۇشۇنداق قىلاتتى. چۈنكى ئۇ جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرگە ئىقتىدا قىلىپ بارچە ئىشتا ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولاتتى. دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش غايىلىرىدىن بىرى ئۈممەتكە ياخشى ئۈلگە بولۇشتۇر.

بەشىنچى غايە: دۇنيا ۋە ئاخىرەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش:

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىنىڭ غايىلىرىدىن يەنە بىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەت تەڭپۇڭلۇقىنى بەرپا قىلىشتۇر.


ئىنسانلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق يول بىلەن سەل قاراش ۋە ئاشۇرۇۋېتىشتىن قۇتۇلۇپ، توغرا يولنى تاپىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەق يولدا نە پوپ ۋە راھىبلارغا ئوخشاش دۇنيانى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىپ، ئىبادەتخانىلارغا كىرىۋېلىش؛ نە بارلىقى بىلەن دۇنياغا بېرىلىپ، ئۇنىڭغا قۇل بولۇش يوقتۇر. بەلكى ھەر دائىم ئوتتۇرا يول تېپىش ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلاش بولۇپ، بۇ پەقەت ۋەھيىنىڭ يورۇق دۇنياسىدا قولغا كېلىدىغان بىر ئارتۇقچىلىقتۇر. ۋەھيى بولمىسا ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن بۇنداق بىر تەڭپۇڭلۇقنى بەرپا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. قۇرۇق ئىلىم ئىنساننى ھەرگىز بۇ سەۋىيەگە چىقىرالمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ تەڭپۇڭلۇق مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.﴾[1] بۇ ئىلاھىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بىر پەللىسىدە: ﴿رەببىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن﴾ دېگەن بۇيرۇقى، يەنە بىر پەللىسىدە: ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر.﴾ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بار. دۇنيا ۋە ئاخىرەت تەڭپۇڭلۇقى مانا مۇشۇ ئۆلچەملەر ئىچىدە قۇرۇلىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بىر پىيالە سوغۇق سۇ بېرىلدى، ئۇ سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئىسەدەپ يىغلاپ

[1] قەسەس سۈرىسى، 77ـ ئايەت.

كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن ئەتراپتىكىلەرمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ يىغلاشتىن توختاپ، ئۆزىگە كېلىپ يۈزىنى سۈرتتى. ئەتراپتىكىلەر «ئى ئەبۇ بەكرى! نېمىشقا بۇنچە يىغلاپ كەتتىڭىز؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم، رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن بىر نەرسىنى ئىتتىرىپ: ‹مەندىن يىراق تۇر!› دېدى. مەن: ‹يا رەسۇلەللاھ! بىر نەرسىنى يىراقلاشتۇردىلا، لېكىن مەن ھېچنەرسە كۆرمىدىم› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹دۇنيا پۈتۈن زىبۇ-زىننەتلىرى بىلەن سۈرەتكە كىرىپ ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزىنى ماڭا قوبۇل قىلدۇرماقچى بولدى. مەن يىراق تۇر دېدىم. ئۇ بىر تەرەپكە چېكىنىۋېتىپ: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مەندىن قۇتۇلغىنىڭ بىلەن، سەندىن كېيىنكىلەر مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ› دېدى، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇ سوغۇق سۇنى ئىچكىنىمدە، ئاشۇ ۋەقە ئېسىمگە كېلىپ، دۇنيا ماڭا ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرغانمىدۇ؟ دېگەن ئەندىشە بىلەن يىغلىدىم.»[1]

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زاتلار ھەر تۈرلۈك راھەت پاراغەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە تۇرۇپ، ھەردائىم تەقۋادارلىق ئىچىدىكى بىر ھاياتتا ياشىغان. چۈنكى رەھبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ياشىغان ئىدى. بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ساھابە كىراملارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمىزغا باغلىق. بىز ئۇلاردەك بولالمايمىز، دېسەك، ئۇلار ئېرىشكەن غەلىبە، نۇسرەت ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمەيمىز.



[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.






1. ياخشى ئاتا ـ ئانىلىق قانداق بولىدۇ؟

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ھەممىدىن بەكرەك ئويلايدىغان كىشىلەردۇر، چۈنكى بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك پارچىسىدۇر، دۇنيادىكى زىننىتىدۇر، كۆزقارچۇغىسىدۇر ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدىدۇر. ئاتا ـ ئانىلاردىكى بالىلىرىنى ياخشى كۆرۈش سۆيگۈسى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسى ئۇلارنى ھەرقايسى ساھەدە ئالاھىدە تەربىيەلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلىشى ۋە ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى جايىدا ئادا قىلىشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، يارامىلىق ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيىتى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى ۋە پسىخىكا خاراكتېرلىك خەتەرلەرنى ئاڭقىرىشىنى ۋە بالىلىرىنى بۇ خەتەرلەرنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىدىن ھىمايە قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ياخشى ئاتا ـ ئانىلارنى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ساغلام ئىدىيەگە ۋە دەۋرگە لايىق توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش سەل قارىغىلى بولمايدىغان جىددىي ئېھتىياج ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنى ياخشى ۋە يارامىلىق تەربىيەلىشى ئۈچۈن دەسلەپتە ئۆزلىرى بىر بۆلەك ماھارەت ۋە لاياقەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا رىئايە

قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

لاياقەتلىك ياخشى ئاتا ـ ئانا دېگەن بالىلىرىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيەلىگەن ۋە دەۋرگە مۇناسىپ لاياقەتكە ئىگە قىلغان كىشىلەردۇر. ياخشى ئاتا ـ ئانىلىق پەقەتلا ئاتا ـ ئانىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن نامايان بولمايدۇ، بەلكى بالىلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەشتە، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ۋە مىللىي كىملىكنى سىڭدۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ئىستىلىنى تۈزىتىشتە ۋە دەۋرگە لايىق ماھارەتلەرگە ئىگە قىلىشتا نامايان بولىدۇ.

قۇرئانغا قارايدىغان بولساق، نىكاھ ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەن ئەۋلادلارنى زېمىندا ئىلاھىي ئامانەت (ئىزباسارلىق) ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋەكىللەر دەپ قارايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم يارىتىلىش غايىسىنى: ئاللاھقا ئىبادەت، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، قەلبنى پاكلاش، توغرا يولدا مېڭىش ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۇتۇق قازىنىش دەپ خۇلاسىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى توغرا يولدا ماڭىدىغان، ۋەتەننى گۈللەندۈرەلەيدىغان ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۇتۇق قازىنالايدىغان يارامىلىق ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈشتۇر.

دېمەك، ئاتا ـ ئانىلىق بۈيۈك ۋەزىپە ۋە ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن ئەۋلاد يېتىشتۈرۈش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بولغان ئائىلە ئۆزئارا ئىناق، كۆيۈمچان، چىقىشقاق ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان بولسا، جەمئىيەت مۇقىم ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە ئىناق بولمىسا، جەمئىيەتتە بۇزۇلۇش ۋە پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيەتلىرى قىسقا مۇددەتلىك پىلان، ئوتتۇرا مۇددەتلىك پىلان ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشكە موھتاج بولىدۇ.

ياخشى ئاتا ـ ئانىلىق ھەقىقەتەن ئۇزۇن مۇددەت تەقەززا قىلىدىغان خىسلەت ۋە سەرمايىدۇر. چۈنكى ئۇ بالىلارنىڭ ئىمانى، ئەخلاقى، ئىلمىي، پىكرىي، مىللىي، پسىخىكىي، بەدىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچتۇر. ياخشى ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ماھىيىتى ياراتقۇچىسىنىڭ ھەققىنى تونۇيدىغان، مۇسۇلمانلىق ئەخلاقىغا رىئايە قىلىدىغان، ئائىلىدە كۆڭلى سۇ ئىچىپ گۈللىنەلەيدىغان، ئىجتىمائىي ھەمكارلىق روھىنى ئۆزلەشتۈرىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتكە يول ئېچىپ بېرىدىغان ۋە يۇقىرىغا ئىنتىلىش ئىستىكى شەكىللەندىغان ساغلام بىر مۇھىتنى تەييارلاپ بېرىشتۇر.

2. لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ شەخسىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئىلىم مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماھارەت ۋە لاياقەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ دېگەنلىك ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيە خىزمىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىشىنى، بالىلىرىغا ساغلام ئەقىدە، گۈزەل ئەخلاقلارنى سىڭدۈرۈشىنى، توغرا ئىدىيەگە يۈزلەندۈرۈشىنى ۋە دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى دەۋر بۇرۇنقى دەۋرگە ھېچ ئوخشىمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئازدۇرىدىغان نەرسىلەر ھەرئۆيگە بۆسۈپ كىردى. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى توغرا يولدا ماڭدۇرىدىغان دۇرۇس ئادەم قىلىپ تەربىيەلىشى ئۈچۈن، بالىلارنىڭ زامانىدا ياشاپ تۇرۇپ، توغرا بىلەن خاتانى ئىشنى ئايرىپ بېرىشكە، دەۋرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىدىن ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا موھتاج بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئاتا ـ ئانىلىق شەخسىيەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

1) ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە زېرەك بولۇش:

ئاتا ـ ئانىنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە زېرەك بولسا، بالىلىرىغا ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بالىلىرىنى تەربىيەلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ، ھەربىر بالىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تۇرۇپ تەربىيە قىلالايدۇ. خاراكتېرى كۈچلۈك ۋە زېرەك بولغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھەممە تەلەپلىرىگە ماقۇل دېمەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا كۆرسەتكەن باھانىلىرىگە مۇتلەق ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ھەرگىزمۇ ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ياكى بالىلارنى قورقۇتۇشنى ياكى دائىم بالىلىرىدىن ئەنسىرەشنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى دائىم بالىلىرىگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بالىلارغا ئىگە بولۇش بىۋاسىتە كۆزىتىشتىن يىراق ھالدا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا دائىم دۇئا قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ»[1] دېگەن.

2) ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇش ۋە تەربىيە تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇش:

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ياخشى ئاتا-ئانىلىق مەسئۇلىيىتى ئاتا-ئانىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇشىنى، يېتەرلىك ئاڭ سەۋىيەگە ئىگە بولۇشىنى، دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنىشىنى ۋە بالىلارنى تەربىيەلەش يوللىرىنى بىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بالىلارنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسى بالىلارنى پىرىنسىپ، قىممەت قاراش، كىملىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ساغلام چۈشەنچە ئاساسىدا تەربىيەلەشنى، ئۇلارنى خاتا يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ھىمايە قىلىشنى، بالىلاردا خاتالىق ۋە بۇرۇلۇش يۈز بەرگەندە تۈزىتىش ئۇسۇلىغا تايىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك يۆنىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بالىلارنى تەربىيەلەشتە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، تەدرىجىي ئۇسۇلغا تايىنىش، چىرايلىق ۋە يۇمشاق ئۇسۇلغا تايىنىش، بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش ئېڭىغا ئىگە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭدەك بالىلار تەربىيەسىدە ۋارقىراش، تىللاش، مەسخىرە قىلىش، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش، تەھدىت سېلىش ۋە ئۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ بەك مۇھىم.

دېمەك، ياخشى ئاتا-ئانا بولۇش مەسئۇلىيەت ۋە چۈشەنچ ئېڭىدۇر. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى تەربىيە يولىنى بىلىش ۋە تەتبىقلاش، ۋەزىپىسى ياراملىق ئىنسان يېتىشتۈرۈش، يولى بالىلارنىڭ ئۇنۇم قازىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىشتۇر.

3. ئاتا-ئانىلىق مەسئۇلىيىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشىنىڭ بېقىشى ۋە ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان كىشىلەرنى زايە قىلىۋېتىشى گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىكتۇر»[1] دەيدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بولغانىدەك، يەنە ئۇلارنى ئىمانىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي، پىكرىي ۋە يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتىنمۇ ئىگە چىقىش مەسئۇلىيىتى بار. ئەگەر ئاتا-ئانا بۇ مەسئۇلىيەتكە سەل قارىسا باشقا گۇناھ ئىزدەپ يۈرمىسىمۇ، يېتەرلىك دەرىجىدە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

شۇڭا، بۇ ھەددىستىكى ئىگە چىقىش دېگەن نۇقتىنى پەقەتلا يېمەك - ئىچمەك ياكى كىيىم - كېچەكتىن ئىبارەت ماددىي تەرەپكە چەكلەپ قويۇش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىنى ئەقىدە، ئەخلاق، كىملىك، ئىدىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تەرەپلىرىدىنمۇ تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى بار.

ئاتا - ئانا ئۆزگە يۈكلەنگەن بۇ يۈكنى بىلىش ۋە بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئىلىم - سەۋىيەسىنى ۋە ئاڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمىسە، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق تەربىيە يوللىرىنى ئۆگەنمىسە، ئاخشاملىرى تېلېۋىزور ۋە تېلىفون بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتسە، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە سەل قارىغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاتا - ئانا بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇپ، ئۆزلىرى دەسلەپتە مەسچىتكە چىقمىسا، ئۆزلىرى بىرەر سائەت كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق بالىلىرىنى ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىقتۇرمىسا، ئەر - ئايال بىر - بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىسا، بالىلىرىنى ئەقىدە، ئەخلاق، كىملىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئانا تىل، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن تەربىيەلەش ئۈچۈن كۈندە بىر ئاز ۋاقىت چىقارمىسا، بالىلىرىنى سائەتلەپ تېلېۋىزور كۆرۈش ۋە ئىنتېرنېت ئويناشقا قويۇپ بەرسە، تەربىيە جەھەتتىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە ئەخلاقىنى بۇزۇۋشقا يول ئاچقان بولىدۇ. نەتىجىدە ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيەسىنى ئالمىغان بالىلار توغرا تەربىيەدىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە بۇ تۈردىكى بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى خاتا يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ ۋە زايە بولۇشقا باشلايدۇ.

بالىلار تەربىيەسىدە ئاتا - ئانىنىڭ رولى بىلەن ئالىملارنىڭ رولىغا قارايدىغان بولساق، ئاتا - ئانىلارنىڭ رولى ئالىملارنىڭ رولىدىن قېلىشمايدۇ، چۈنكى ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىگە ھەر زامان ۋە ھەر ئورۇندا ھەمراھ بولالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بالىلىرىنى ھەر قايسى تەرەپتىن تەربىيەلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەمما ئالىملار مىللەتنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرىگە ھەر زامان ھەر ئورۇندا تەربىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئالىملارنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قېلىشمايدۇ.

### 4. ئاتا - ئانىلىقنىڭ بالىنىڭ ھاياتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىدە بالىنىڭ ھاياتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن

مۇناسىپ شارائىت ھازىرلاش ئۈچ يول ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

1) ئىنسان جېنىغا چېقىلىش ياكى زىيان سېلىش ھارام قىلىنغان

ئىسلامدا ئىنسان ھاياتىنى قوغداش، جانىنى ھىمايە قىلىش يۈكسەك دەرىجىلىك زۆرۈر مەقسەتتۇر دەپ بەلگىلەنگەن. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «كىم بىرجاننى ھەقسىز ئۆلتۈرسە ياكى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك گۇناھكار بولىدۇ»[1] دەيدۇ. شۇڭا، ئىسلام ئىنسان ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن قىساس ۋە دىيەتنى يولغا قويغان: «سىلەر ئۈچۈن قىساستا ھاياتلىق بار»[2].

ئىسلام يەنە ئىنسان ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىن توسقان: «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»[3]. شۇنداقلا ئىنسان ھاياتىنى ھالاك قىلىدىغان ياكى تەھدىت سالىدىغان ھاراق، تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن توسقان: «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بېرىدۇ، نىجىس ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[4].

2) كەمبەغەللىك ياكى تۇر سەۋەبىدىن بالىنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان

ئىسلام دىنى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ياكى بالىسى قىز بولۇپ قالغانلىق سەۋەبتىن بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى چۈشۈرۈۋېتىشنى قاتتىق ھارام قىلغان. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ تۆرەلمىلىك ۋە ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئاللاھ :« بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە...»[5] دەيدۇ.

3) بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن خاتىرجەم شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن

ئىسلام دىنى بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن- گەرچە ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ -خاتىرجەم ماددىي ۋە پسىخىكلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە بۇيرۇغان: « ئەگەر ئۇلار ھامىلىدار بولسا، يەڭگىگەنگە قەدەر ئۇلارنى نەپىقە بىلەن تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر

[1] مائىدە، 32 ـ ئايەت.
[2] بەقەر، 179 ـ ئايەت.
[3] بەقەر، 195 ـ ئايەت.
[4] ئەئراف، 157 ـ ئايەت.
[5] مۇمتەھىنە، 12 ـ ئايەت.

ئۈچۈن (باللىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار»[1].

5. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ جىسمانىي تەربىيە ۋەزىپىسى

ئىسلام دىنى باللارنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن خاتىرجەم شارائىت ھازىرلاپ بېرىشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ جىسمانىي ھەققىگە ۋە سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، دادا بولغۇچىغا باللارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن داۋالىتىشقا ۋە دورىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، باللارنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. باللارنى ئىككى يىلدىن ئاز ۋاقىتتا ئايرىماقچى بولسا، بالىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسلىھەتلىشىشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا ئانىلارنىڭ باللىرىغا ياخشى قاراشنى تاپىلىغان بولسا، دادىلارغا ئانىلارغا ياخشى قاراشنى تاپىلىغان. شۇڭا، دادىلارنى ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا ۋە ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى نورمال شەكىلدە ھەل قىلىشقا بۇيرۇغان: « ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ»[2].

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى باللارنىڭ جىسمانى ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن پاك ۋە ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا، باللار ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا، بەدەننىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ يۇيۇنۇشقا، بەدەننىڭ ساغلام ۋە ئەقلىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن چېنىقىشقا ياكى تەنھەرىكەت قىلىشقا، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئىسراپ قىلماسلىققا، دۇئالىرىدا بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى تىلەشكە، بەدەننى راھەتلەندۈرۈشكە تەشەببۇس قىلغان: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا يېقىملىقتۇر»[3].

6. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئىمانىي تەربىيە مەجبۇرىيىتى

ئىسلامدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللار ھەققىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى جىسمانىي ۋە

[1] تالاق، 6 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 233 ـ ئايەت.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

ماددىي تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى بالىلارنى ئەقلىي، دىنىي، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي جەھەتتىن تەربىيەلەش مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ جىسمىغا ۋە سالامەتلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە دۇنياقارىشىغا ئەھمىيەت بېرىشكىمۇ بۇيرۇلغان. ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىدا بالىلىرىغا ياراتقۇچى ئاللاھ ھەققىدە، دۇنيا ھەققىدە، ئىنسان ھەققىدە، دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ھەققىدە، ئۆلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاساسلىق مەلۇماتلارنى بېرىشكە بۇيرۇلغان.

قۇرئان كەرىم بالىلارغا تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئۆگىتىشكە، ناماز ئۆگىتىشكە، قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە ياغلىق چىگىشنى ئۆگىتىشكە، ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدىغان روھنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى دىنىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيەلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدە توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بېرىپ قانائەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم. چۈنكى بالىلارنى ساغلام ئەقىدىلىك، توغرا چۈشەنچىلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ۋە يارامىلىق تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى بىرىنچى قىلىپ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، ئەرنىڭ ئائىلىسى ھەققىدە مەسئۇلىيىتى بار، ئايالنىڭ ئائىلىسى ۋە بالىلىرى ھەققىدە مەسئۇلىيىتى بار»[2] دېگەن.

دېمەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا ئىخلاسمەن بولۇشنى، تەقۋا بولۇشنى، ئۈلگە بولۇشنى، ئۆزىنى ئىمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنى، ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى يۇكسەلتىشنى ۋە بالىلارغا كۆيۈمچان مۇناسىپ تەربىيە شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

[1] تەھرىم سۈرىسى، 6 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

7. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئەقلىي تەربىيە ۋەزىپىسى

ئىسلام بالىلارنى ئەقلىي، روھىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەڭ تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ئىسلام بالىلارنىڭ ئەقلىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشقا، ئويلىنىشقا، مۇلاھىزە قىلىشقا، ئىبرەت ئېلىشقا، تەھلىل قىلىشقا، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتە تەربىيەلەشتە دەسلەپتە بالىلارنىڭ ئەقلىگە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى، بۇ دۇنياغا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تونۇتۇشى ۋە بۇ دۇنيانىڭ سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشى، بۇ سىناقتا غەلىبىلىك نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىش، توغرا يولدا مېڭىش ۋە ياراملىق ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش لازىم.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشتە بىرىنچى قىلىپ تەلىم تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، بالىلارنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىشكە يۈزلەندۈرۈشى، كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشى، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە تەشەببۇس قىلىشى، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، بالىلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىشكە قىزىقتۇرۇشى ھەمدە بۇ ھاياتتا ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن نىشان بەلگىلەپ ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىشى لازىم.

ئاتا ـ ئانىلار تەلىم تەربىيە ۋەزىپىسىنى جايىدا ئادا قىلىشى ئۈچۈن باللىرىنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشى، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن مائارىپ ۋە تەلىم ـ تەربىيەگە ئالاھىدە دەسمى سېلىشى، تەلىم تەربىيەدە دىنىي ۋە پەننى ئىلىملەرنى تەڭ تۇتۇپ مېڭىشى، بالىلارنى كىتابقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر ئائىلە ئەقەللىي، ئەخلاق، ئىلىم ـ پەن، تارىخ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلە كۇتۇپخانىسى قۇرۇپ چىقىشى، باللىرىنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىمۇ كىتاب ئوقۇشى، بىرلىكتە كىتاب ئوقۇشى، بالىلارنى ياخشى دوستلار بىلەن دوست بولۇشقا قىزىقتۇرۇشى، يامان دوستلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشى، باللىرىنىڭ بوش ۋاقتى بولسا، ھەرتۈرلۈك كۇرسلارغا بېرىپ پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇپ ۋاقتىنى بوش قويماسلىقى مۇھىم.

شۇنىڭدەك، ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئەقلىنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن باللارنىڭ ئەقلىنى ئىسلامغا زىت ئىدىيەلەردىن، ئەخلاقسىز فىلىملەردىن، يالىڭاچ سۈرەتلەردىن، تاماكىدىن، زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن، بەدەننى ۋە ئەقلىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغان قولى بىلەن لەززەتلىنىش ئىللىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى مۇھىم.

8. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە ۋەزىپىسى

ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن تەربىيەلەش ۋەزىپىسى:

ئىسلام باللارنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن زىنا قىلىشنى ھارام قىلغان. ئىنسان نەسلىنى قوغداش ئۈچۈن توي قىلىشنى بىردىنبىر قانۇنلۇق يول دەپ بېكىتكەن، زىنانى ۋە زىنانىڭ سەۋەبلىرىگە يېقىنلاشماسلىقنى تاپىلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ساقلايدىغان قورغانلارنى بولغا قويغان:« زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«كۆزنىڭ زىناسى قاراش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، كۆڭۈلنىڭ زىناسى ئارزۇ قىلىش، جىنسى ئەزانىڭ زىناسى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئۇزىنى كونترول قىلىش» دېيىش ئارقىلىق ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى چەكلىگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم).

ئاتا ـ ئانىلار مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاندىن ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن باللارنى ئەخلاقلىق تەربىيەلىشى ئۈچۈن دەسلەپتە ئۆزلىرى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىدۇر»[2] دېگەن.

بۇ ساھەدە ئاتا ـ ئانىلاردا تېپىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللارنى تەربىيەلەشتە مېھرىبان ۋە تەمكىن بولۇشى:

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئېغىر بېسىق بولۇشى قەلب كۆكسىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، باللارنىڭ بەزى خاتالىقى ياكى بەزى يامانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاپ كەتمەسلىكنى بەلكى دائىم خاتالىقنى تۈزىتىشكە كۈچ

[1] ئىسرا، 32 ـ ئايەت.
[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

چىقىرىشىنى ۋە خاتالىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرىغا كۆيۈمچان بولۇشى:

ياخشى ئاتا ـ ئانا بولۇش ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرىبان ۋە قەلبى يۇمشاق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى باللىرىغا كۆيۈنۈشىنى، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشىنى، چىرايلىق گەپ ـ سۆز قىلىشىنى، باللىرى بىلەن ئوينىشىشىنى، ئۇلارنى كۈلدۈرۈشىنى، ئائىلە ئىچىدە خۇش چىراي بولۇشىنى، باللارنى دائىم دىگۈدەك قۇچاقلاپ ۋە سۆيۈپ تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

3) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللارنى تەربىيەلەشتە چىداملىق بولۇشى:

باللارنى تەربىيەلەش ئۇزۇن زامان تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى تېز قولغا كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ يول كۆپ كۈچ چىقىرىشقا موھتاج بولىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىدا: «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا كۈچلۈك بولغىن»[1] دەيدۇ.

دىمەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسلامىي ئائىلە مۇھىتىنى يارىتىش، باللىرىغا ئىسلام ئىبادەتلىرىنى ئۆگىتىش، باللىرىنى مەسچىتكە باغلاش، ئىسلام ئەخلاقىنى سىڭدۈرۈش يولىدا چىدامىلىق بولۇش، نەتىجىگە ئالدىراپ كېتىپ باللىرىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتا ـ ئانا باللىرىنىڭ ئادەمنى پەرىشان قىلىدىغان بەزى قىلمىشلىرىدىن كۆپ شىكايەت قىلىشتىن توختىشىنى، باللارنى بەزى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تەنقىد قىلغاندا ياكى جازالىغاندا ئاۋازىنى كۆتۈرۈشتىن ساقلىنىشىنى ۋە باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پىشىنى پەرق ئېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ بەزى ناتوغرا قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمۇشى، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى جەددىيلەشمەستىن ھەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم، چۈنكى باللارنىڭ ھاياتىدىكى خاتالىق تەبىئىي ھالەت، چۈنكى بىز باللارنى ھەر تەرەپتىن خاتا يولغا تارتىپ كېتىدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز.

9. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيە ۋەزىپىسى

باللارنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىش تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

[1] تاھا، 132 ـ ئايەت.

1) قانائەت شەكىللەندۈرۈش: ئەقىدە، پىرىنسىپ، قىممەت قاراش، غايە ۋە ھاياتنى چۈشىنىش ساھەسىدە.

2) يول كۆرسىتىش: باللارنىڭ زېھنىنى مەشغۇل قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ۋە بوش ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا يول كۆرسىتىش.

3) ماھارەتنى ئاشۇرۇش: ئەقلىي، ئىلمىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە باشقۇرۇش... ساھەلەردە ئىقتىدارنى ئاشۇرۇش.

4) مۇناسىۋەت ئورنىتىش قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش: كىم بىلەن دوست بولۇش، كىمدىن يىراق تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانداق قۇرۇپ چىقىش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە چۈشەنچە بېرىش.

5) ئۈلگە تاللاش: باللارغا ھەر ساھەدە ئۈلگىلىك ۋە نەمۇنىلىك شەخسلەرنى تاللاپ بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

6) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرىغا كۆيۈنۈپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى.



7) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرى بىلەن پىكرىي ۋە روھىي جەھەتتىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ھەردائىم توغرا ئىشلاردا ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى.

8) ئاتا ـ ئانىنىڭ ئېغىر بېسىق بولۇشى: باللارنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى بىلمەسكە سېلىش، بەزى خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش، خاتالىقنى دائىم كۆزگە سالماسلىق، خاتالىق تەكرارلىنىپ قالسا ئاچچىقىنى يۇتۇش، باللار خاپا قىلىپ قويغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، باللار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئېغىر بېسىق بولۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشتە تەدرىجىي يول تۇتۇشى.

9) باللارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا توغرا ئويۇن ئويناشقا رۇخسەت قىلىشى ۋە بۇ ساھەدە ئەركىنلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىشى.

10) باللارغا ئەركىنلىكنىڭ چېكى بارلىقىنى، ئۇلار ئارزۇ قىلغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى. ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرى بىر ئىشقا بولمايدۇ دەپ رۇخسەت بەرمىگەن بولسا، بۇنى كەسكىن ئىجرا قىلىشى.

11) باللارنىڭ تېلېفون ـ كومپيۇتېر دېگەندەك ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە كۆنۈلۈك ۋاقىت بېكىتىپ بېرىشى، بوش ۋاقىتلىرىنى پايدىلىق پائالىيەتلەر بىلەن تولدۇرۇشى.

12) باللارنى توغرا تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىتنى، ھەمراھ بولىدىغان دوستلارنى، ئوينايدىغان ئويۇنلارنى ۋە پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قىلغىلى بولىدىغان ئورۇنلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى.

13) ئۇلارنىڭ ھىدايەت يولىدىن ئايرىلماسلىقى، توغرا يولدا ياشىشى ۋە ھاياتىدا ئۇنۇم قازىنىشى ئۈچۈن سەممىي دۇئا قىلىشى قاتارلىقلار.

10. ئاتا ـ ئانىلىقنىڭ جىنسى تەربىيە بېرىش مەجبۇرىيىتى

جىنسى تەربىيە باللار بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ بالاغەتكە يېتىش ئالامىتى ئويغاق ياكى ئۇيقۇدا ئىسپېرمىنىڭ چىقىشى ۋە جىنسى ئەزالىرى ئەتراپىدا تۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. قىزلاردىكى خۇسۇسىي ئالامەت ئادەت كۆرۈشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا جىنسىي تەربىيە ساھەسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. باللارنىڭ بالاغەتكە ياكى مەسئۇلىيەت يېشىغا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش،

2. بالاغەتكە يەتكەنلەر تەيىن قىلغان بولسا جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنۇشنىڭ كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش،

3. قىزلارغا ھەيز (ئادەت) ۋاقتىنى، ئۇنىڭ ئالامىتىنى، قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پاكلىنىش يوللىرىنى ئۆگىتىش،

4. جۇنۇپ ۋە ھەيز ۋاقتىدا ناماز ئوقۇسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش،

5. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش،

6. باللار بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاققا چېنىقتۇرۇش،

7. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياتىقىغا رۇخسەت سوراپ كىرىشنى ئۆگىتىش،

8. ئوغۇل ـ قىزلارغا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بەدىنىدە ۋە پسىخكىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئىزاھلاش ۋە خاتا يوللاردىن ئاگاھلاندۇرۇش،

9. باللاردا دىنىي، مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىلدۇرۇش ھەمدە بۇ دۇنياغا نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى ئەسلىتىش،

10. باللاردا ئەخلاقىي قىممەت قاراش، ۋىجدان تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك نىشان ئېڭىنى شەكىللەندۇرۇش لازىم.

11، جىنسى ۋە ئەخلاقىي بۇرۇلۇشتىن ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى

ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى جىنسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋاستىلارغا تايىنىشى لازىم:

1. باللارغا دىنىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىش، دىنىي كۆرسەتمىلەرنى ۋە ئەخلاقىي قىممەت قاراشلارنى سىڭدۈرۈش، چۈنكى باللارنى بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ھىمايە قىلىشتىكى ئەڭ توغرا يول دىنىي تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيەسىدۇر.

2. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ يۈرۈش تۇرۇشىنى كۆزىتىشىپ تۇرۇشى لازىم. باللارنىڭ يامان دوستلارغا ئارىلىشىپ قالماسلىقى، ئىسلام ھارام قىلغان يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەرنى كۆرۈپ سالماسلىقى ئۈچۈن باللارنى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۈچۈر ۋاستىلىرىنى دائىم كۆزىتىش لازىم.

3. باللار مۇناسىپ ياشقا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ توي قىلىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش لازىم.

4. باللارغا ئۆيگە ۋە ياتاققا كىرىش ئەدەپ ئەخلاقىنى، يېرىم يالىڭاچ ئاياللارغا قارىماسلىقنى، جىنسى ئەزاسىنى ھارامدىن ساقلاشنى، توي قىلىشتىن ئىلگىرى قىز ـ ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىش باھانىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ يۈرمەسلىكنى، ئايرىم ئۈچرۈشۈپ يۈرمەسلىكنى، قىزلارنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى يېپىشىنىڭ لازىملىقىنى ئۆگىتىش لازىم.

# دېئىزم ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى



تاھىرجان ئابباس

دېئىزم ئاتالغۇسى لاتىنچىدا تەڭرى ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان «**Deus**» كەلىمىسىدىن تۆرلەنگەن بولۇپ، گىرىكچىدىكى تەڭرى مەنىسىنى كۆرسىتىدىغان «**theostan**» كەلىمىسىدىن چىقىرىلغان «**Teizm**» (ئىلاھىيەت) ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېئىزم، غەرب دۇنياسىدا ئوتتۇر ئەسىر (قاراڭغۇ دەۋر) دىكى چىركاۋنىڭ زۇلمى ۋە پوپلارنىڭ خۇراپىي قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدىيىۋى ھادىسە. ئۇ ئىجتىمائىي جەھەتتە پەرقلىق پىكىر ۋە قاراشلارنى ياقلىسىمۇ، ئىدىيە جەھەتتە دىنسىزلىكنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدۇ. يەنى، «دىندىن خالىي بىر ئىلاھلىق» ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئىدىيە غەرب دۇنياسىدا كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس، بەلكى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ شەرق دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان ساددا ئىدىيىۋى قاراش ئىدى. چۈنكى جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ دىنغا، پەيغەمبەرگە، كىتابقا ئىشەنمەيدىغان قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە ھەر خىل مەۋھۇم شەيئىلەرگە تېۋىنغان بىلەن، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ھېچ بىرىنى مۇتلەق ئىلاھ سۈپىتىدە كۆرمەيتتى. بەلكى ئۇلارنى ھەقىقىي ئىلاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاسىتە دەپ بىلەتتى. يەنى ئۇلار كونكېرت بىر دىنغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ،

كۆنمزدىكى دېئىستلەرگە ئوخشاش كائىناتنى يوقتىن ياراتقان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. دېمەك غەربنىڭ سانائەتلىشىش دەۋرىدىن كېيىن كەڭرى ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى "دېئىزم" ئەسلىدە غەربنىڭ تىپىك مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى مەيلى شەرق بولسۇن، مەيلى غەرب بولسۇن ھەر دەۋر ئىنسانلىرى ئىدىيىۋى جەھەتتە چېرىكلىشىشكە يۈز تۇتقاندا، ئۆزلىرىنى ئاۋۇندۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن روھىيەت يوقسۇللىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدىيىۋى ئازغۇنلۇقتۇر.

دېئىستلەر، كائىناتنى يوقتىن بار قىلىپ، ئىنچىكە قانۇن ۋە زىل قۇرۇلمىلار بىلەن ئورۇنلاشتۇرغۇچى بىر ئۈستۈن ئەقىلنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ۋەھيى، ئىلھام، كارامەت ۋە مۆجىزىگە ئوخشاش ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سىرتىدىكى مېتافىزىكا ئۇچۇر ۋە ئالاقىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار بۇلارنىڭ ئورنىغا، ئەقىل، تەپەككۇر ۋە كائىناتتىكى بۇ زىل قۇرۇلما ۋە سىستېمىلارنىڭ كۈچىگە ئىشەنچ قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ كائىنات ئىدىيىسى: ئۇلار كائىنات ۋە كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات بىر ئۈستۈن ئەقىل تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئۈستۈن ئەقىل بولسا دەل تەڭرىدۇر. تەڭرى بولسا، كائىناتنى يارىتىپ بىر سىستېما بويىچە تەرتىپلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىدارىسىگە تاشلاپ بەرگەن، تەڭرى كائىنات ۋە كائىناتتىكى ھېچ بىر بارلىقنىڭ ھەرقانداق بىر مەشغۇلاتىغا ئارىلاشمايدۇ، دېگەن ئىدىيەنى تەكىتلەيدۇ.



ئۇلارنىڭ ئىبادەت قارىشى:

دېئىستلەر، تەڭرى دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلاردىن ئۆزىگە ئەمەل – ئىبادەت ۋە دۇئا – تەلەپتە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن كائىناتنى يوقتىن ياراتقان بىر تەڭرىنىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى ئىبادەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىشى ئۇنىڭ شەنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. – دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەرلەرگە بولغان قارىشى: تەڭرى دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار بىلەن مۇخاتەپتە بولۇشقا كېرەك يوقتۇر. شۇ سەۋەبلىك تەڭرىنىڭ ئىنسانلار بىلەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلايدىغان بىر ۋاستىغا يەنى پەيغەمبەرگە ئېھتىياجى يوق.

ئۇلار مۆجىزىۋى ھادىسىلەرنى رەت قىلىدۇ:

ئۇلارنىڭ قارىشىدا تەڭرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىلمى بىلەن كائىناتنى بىرلا ۋاقىتتا، قانداق يارىتىلىشى كېرەك بولغان بولسا شۇنداق ياراتقان. بۇ سەۋەپلىك ھېچقانداق بىر خارىقۇلئادە ھادىسىلەر بىلەن مۆجىزە پەيدا قىلىشقا كېرەك يوق.

تەڭرىنى تونۇش يولى: كائىنات ئالەمنى ياراتقۇچى بىر تەڭرىنى تونۇشنىڭ يولى رېئال پاكىت، ئەقىل ۋە مەنتىقتۇر دەپ قارايدۇ. ـ ئىنسان قانداقكى ئۆزى ۋە كائىناتنىڭ بارلىقىنى ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مەنتىقى بىلەن بىلىپ يەتكەن بولسا، ئۇنى ياراتقان تەڭرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەقىل ۋە مەنتىقى بىلەن تونۇپ يېتەلەيدۇ، ـ بۇ سەۋەپلىك دېئىستلەر ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە مەنتىقى بويىچە تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىنى باغلايدىغان ھەرقانداق سىرتقي خەۋەر، يەنى ۋەھى ۋە ئىلھام ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ دىنىي قارىشى: تارىختا بىر قىسىم دېئىستلەر ئورتاق بىر دىنىي ئېتىقادنىڭ جەمئىيەتتە بىرلىك ۋە بارابەرلىكنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدە تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ياقلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى تەڭرىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا مۇداخىل بولماسلىق ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىدىغان بىر نۇقتىسى يوقتۇر.

دېئىزم قاچان پەيدا بولغان؟

دېئىزم، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدە بىر تۈركۈم زىيالىلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان سەكەفتىك (گۇمانىست) پىكىرلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، كېيىنچە ئامرىكىدا دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە دېئىزم ئوتتۇر شەرق ئەللىرىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئەمما يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە تۈركىيەدە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ئالىي ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. «KONDA» غا ئوخشاش بەزى تونۇلغان ئانكىتچى ـ راي سىناش شىركەتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا، يېقىنقى بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە، بۇ ئىدىيەنىڭ تۈركىيەدە ياشلار ئارىسىدا تارقىلىش نىسبىتى يۈزدە 15 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتكەن. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، تۈركىيە ۋە غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىرى يوق ئەمەس. بۇنداق

دېيىشمەدە، ئىككى يىل ئالدىدا ئەلى ئەكبەر داموللام بىلەن ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قىتىملىق مۇنازىرىگە قارىتا پىكىر بايان قىلغان ئۇمۇن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى كۈچلەندۈرۈش ئاساسىدا مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قارىتا سەلبىي پوزىتسىيەدە قەلەم تەۋرەتكەن. بۇ شەخس ئۆزىنىڭ شۇ قېتىملىق يازمىسىدا ئەلى ئەكبەر دامولللام بىلەن ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئارىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ خاراكتېرىنى يەكۈنلەپ: «بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىسلاھات، ئىلمىي ۋە تەنقىدىي چۈشەنچە مېتودى بىلەن رېئاللىقتىن ئۈزۈلگەن دوگما ۋە مىستىك چۈشەنچە شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» دېگەن بولسا، سىياسىي ئىدىيىسىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «سىياسەت دىنىي تېما ئەمەس. ئۇ راتسىئونال (ئەقىلچىلىك) ۋە پىرگماتىست (پايدىچىلىق) جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. دۆلەت ۋە سىياسەت، ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتى ۋە نىشانى ئۈچۈن مەنپەئەتچى ۋە ئەقىلچى بولۇشى لازىم. دىنىي دوكتۇرانتلار ئادەتتە ئەخلاقىي ۋە دوگماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە سىياسىي نىشانغا يېتىش جەھەتتە يېتەرسىز. بۇنداق مەسىلىدە دىنىي پەتىۋا ياكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەمەس، سىياسىي ئاقىۋەت ۋە سىياسىي مۇھىت كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك. سىياسەت موللاملا ئەمەس، سىياسەتچىلەر ئوينايدىغان نەرسە. 21 - ئەسىردە دىنىي ئۇرۇش ۋە دىنىي كۈرەش ئىنتايىن تېتىقسىز غەيرى ئەھۋال. بۈگۈنكى سىياسىي مۇھىتتا دىن « مۇھىم» ئەمەس. چۈنكى ھېچقايسى دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشمايدۇ. دىن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سىياسىي غەرىزى ۋە سىياسىي نىشانى ئەمەس. مەنپەئەت ئاساس قىلىنىدۇ. ئوتتۇر ئەسىرنىڭ سىياسىي كىلىماتىغا مېڭىسى مىخلىنىپ قالغان كىشىلەر شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، بۈگۈنكى ئۈچ چوڭ دىن ئارىسىدا ھېچبىر جەڭگى - جېدەل يوق. بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىم بولغىنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەت.

ئۇ ماقالىدا يەنە ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىك ئىدىيىسىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: نورمالدا ھەرقانداق نەرسىنى تەنقىد قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئىسلامنى، قۇرئاننى، دىننى تەنقىد قىلسا بولىدۇ. دىنىي ئۆلىما ۋە دىنىي ساھەلەرنىڭ قۇتساللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنى تەنقىد قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈۋېلىش، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇ ماقالىدە يەنە بىلىم ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: شۈبھە بىلىمنىڭ ئەڭ ئاساسى نوقتىسى ھېسابلىنىدۇ. تېئولۇگىيە يەنى ئىلاھىيەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى تامامەن بىلىم سىرتى پائالىيەتلەر قاتارىدىن

ئورۇن ئالىدۇ. تېئولوگىيە دىن ھەققىدە ئومۇملاشقان ئىلمىي پاكىتقا ئىگە ئەمەس. دىن بىلىملىرى بولسا، مېتود ۋە خاراكتېر جەھەتتە بىلىمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا بويى سۇنىدۇ. دىن بىلىملىرى ئەقلىگە ۋە بىلىمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا مۇراجات قىلىدۇ. تېئولوگىيە بولسا ۋەھىيگە ياكى شۇنىڭغا ئوشىغان دوگمىلارغا ئىتائەت قىلىدۇ. بىلىم ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقلارنى تەنقىد قىلىدۇ. ئىلمىي پاكىتلار بىلەن تېئوگىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

ئۈنىڭ دىنىي ئىدىيىسى: دىن پۈتۈنلەي بىلىم سىرتى بىر پائالىيەتتۇر. بىلىم دىنىنىڭ بويۇنتۇرقىدا ھەرىكەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئىككىسى ئايرىم ئايرىم ئىككى نەرسە.

جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى ئىجتىمائىي بىلىملەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ياكى ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق. چۈنكى بىلىم ئوبيېكتىپ ۋە رېئالىست خاراكتېرغا ئىگە. بىر ئىدىيەنىڭ بويۇنتورىقى ئاستىدا ئەمەس بىلىمنىڭ مېتودلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى: دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلمەيدۇ. ئىلمىي پائالىيەتتە دىنىنىڭ دېگىنى ئاساس ئەمەس، بىلىمنىڭ دېگىنى توغرا ۋە ئىلمىيدۇر.

يېغىنچاقلىغاندا، پۈتۈن دۇنيا ئىسلامنىڭ كۆزقارىشى بىلەن دۇنياغا قارىمايدۇ. بىلىم تېخىمۇ قارىمايدۇ.

ئوقۇمىغان قارىم ۋە موللىلارنىڭ پەتىۋالىرى ۋە كۆزقاراشلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇش كېرەك. چۈنكى دۇنيادىكى پۈتۈن ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈك بىلىم ۋە پەلسەپىدىن ئۇزاق كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن تامچىيدۇ.

ھەرقانداق مەۋجۇتلۇق بارلىققا قارشىدۇر. مەجۇتلۇق مېنى ھەرىكەتكە، ھەرىكەت بولسا ئازاپقا كۆتۈرىدۇ. مەن ھېچ نېمىنىڭ قويىنىدا قالغاندا، چەكسىز يوقلۇققا قېتىلغان بولىمەن. بۇ يەردە قۇشلار، تاغلار، دېڭىزلار بولمايدۇ. ئاشىق ۋە نەپرەتمۇ بولمايدۇ. ئۇ يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇيقۇغا ئوخشاش ئۇنىڭ يوقلۇقىدا ھەممە نەرسىدىن قۇتۇلىمەن.

بۇددالار ھەۋەس ۋە ئىستەكلەردىن ئۇزاقلاشقاندا نىرۋاناغا يېتىسەن دەيدۇ. لېكىن ئۇنداق ئەمەس، مەن ھېچ نېمىدىن كەلگەن ۋە ھېچ نېمىگە كېتىمەن. دېمەك مەن مەۋجۇت بولۇشىمدىن نىرۋاناغا يېقىنلاشقۇچى، ئۆلۈشۈم نىرۋانادۇر.

مەن ھېسلىرىمنى قاراڭغۇلۇققا ئاتنۇەتكۈچمەن. قاراڭغۇلۇق پۈتۈن نەرسىنىڭ ئۆزىدۇر. پۈتۈن ھېسسىياتلار قاپقارا، پۈتۈن بارلىقلار قاپقاراڭغۇ، ھېسلىرىمنى يارىتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇ يارىتقۇچى قاپقارا. مەن ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان. مېنىڭ ھېسسىياتلىرىم قاپ قارا. چۈنكى مەن قاراڭغۇ. بىز كېچىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى رەڭسىزلىك مەۋجۇت ئەمەس. قاراڭغۇلۇق نۇرنىڭ يوقلۇقىدۇر. نۇرنىڭ يوقلۇقى رەڭنىڭ يوقلۇقىدۇر. قاراڭغۇلۇق يوقلۇقتۇر. قاراڭغۇلۇق قاپقارىدۇر. قاپ قارا رەڭسىزلىك، رەڭسىزلىك يوقلۇقتۇر. ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدە قاراڭغۇلۇق يوقلۇقتۇر. مەن يوقلۇقتىن كەلگەن. كېچە ھېسسىياتلىرىمنى يۈكلەيمەن. كېچە يوقلۇق تەڭرىسى! مېنى قۇچاقلايدۇ. يوقلۇق بىلەن چەكسىزلىشىمىز. پۈتۈن ھېسسىياتىم بىلەن چەكسىزلىكنى ئۇزۇتىمەن. چەكسىزلىك كېچىگە، كېچە يوقلۇق چەكسىزلىككە ئايلىنىدۇ. يوقلۇق چەكسىز مەۋجۇتلۇق. ئۆلۈش كېچىگە ئوخشايدۇ. ھەر كېچە يوقلۇقنىڭ پارچىسىغا ئايلىنىمەن. ھەر كېچىدە ئۆلۈش، كېچىنىڭ چەكسىزلىكىگە بېغىشلانغان نۇرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئوقۇيدۇ. چۈشتىن بۇرۇنغا تەييارلىنىمەن. ھېسسىياتىمنىڭ ئوقۇلۇشى ياشاش ۋە ئۇخلاشنىڭ تېشىدا. ھەممە نەرسىنى تەنھا قالدۇرۇپ ئۇنى تىڭشايمەن. مېنىڭ ھېچقانداق تونۇشۇم يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش يوقايدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ يوقلۇقتىن تۆرەلگەن. ماڭا مەڭگۈ مەۋجۇت قالدىغانلىقنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى مەڭگۈ مەۋجۇت قىلىش ئۇلارنىڭ ئارزۇسى. مەڭگۈ مەۋجۇت قىلىش ئارقىلىق ياشاشتىن قۇتىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن كېچە ماڭا ئۇنداق دېمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پۈتكۈل چەكسىزلىك يوقلۇقتىن كېلىدىكەن».

ئۇمۇننىڭ ئىدىيەۋىي قارىشىغا ۋەكىل خاراكتېرلىق يازمىلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى بىر يۇقۇرىدا ماددىغا بۆلۈپ ئانالىز قىلىشقا تىرىشقان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، بىر تۈركۈم چۈشۈنۈكسىز ئاتالغۇ ۋە كونا قۇرامساق ئىدىيىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان قاراشلارنىڭ، مەلۇم ياكى بەلگىلىك بىر ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر ماقالىنىڭ سىرتىدا يازغان ياكى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيۋىي نەزەرىيىسىنىڭ نېگىزى «نىرۋانا – يوقلۇق، قاراڭغۇ» دېگەندەك پەلسەپۋىلىكى قويۇق تۈس ئالغان، ئەسلىدە بۇددا دىنى ۋە ئاتېئىست ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قۇرامساق پەلسەپۋي ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئۇمۇننىڭ يازمىلىرى ئۇمۇمىيلىق نوقتىسىدىن، خۇددى «ئۇيغۇر قاغان» ئەپەندى تىلغا ئالغىنىدەك، بىر ئوقۇسا ھاياتنىڭ باشقا ئادەملەر تېپىپ چىقىشقا قادىر بولالمايدىغان پەلسەپىلىرىنى تېپىپ چىققاندەك

تۇيغۇ بېرىدىغان دەبدەبەلىك گەپلەر؛ يەنە بىر ئوقۇسا بىر توپ سىرلىق، غۇۋا ياكى مەنىسىز سۆزلەردىن ياسالغان بىر سۆزلەر دۆۋىسى. «ياخشى يېزىپسىز» دەپ ماختاۋاتقانلاردىن بۇ نېمە دېمەكچى دەپ سورىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك نازۇك ۋە ئىنچىكە ۋەزىيەتتە، بۇ خىل پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى قەلەمگە ئېلىشى، خەلقىمىزنىڭ مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىي ئېتىقادىغا تىل ئۇزۇتۇشى، ۋە ئۇقۇمۇشلۇق دىنىي ئۆلىمالىرىنى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا سالاھىيەتسىز دەپ ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشى، ئەقلىي تەبىر بىلەن ئالغاندا تامامەن پاراسەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى بۇ خىل قاراش ۋە بۇ خىل ئىدىيەلەرنى بۇنداق نازۇك ۋاقىتلاردا تىلغا ئېلىپ، «مۇللا، زىيالىي، دىنسىزلىك، دىندارلىق» دېگەندەك مەسىلەر بىلەن خەلقنىڭ زېھنىنى مەشغۇل قىلىش ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى ئەمەس. ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇ خىل پىكىر ۋە قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى خەلقىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى بولغان بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئېڭىنى زىدىلەيدۇ، خالاس. دىققەت قىلىدىغان بولساق، سوتسىيال مېدىيادا بۇنىڭدەك دىنىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ قويۇپ تاماشا كۆرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىنى خائىن، مۇناپىق، ئىسلامچى، دېموكراتچى، تۈركىستانچى، ئۇيغۇرىستانچى، يەنە ئۇچى بۇچىلا كۆپىيىپ خەلقنىڭ زېھنىنى ئۇماچ قىلىۋەتتى. بۇنداقلارنىڭ غەرىزى ۋە نىشانى نېمە بۇنى بىلمەيمىز. ئەمما بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت ھازىرقىدەك نازۇك ۋە ئىنچىكە ۋەزىيەتتە خەلقنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان بۇنداق ئىغۋاگەر مەسىلىلەرنى قويۇپ، بىگىسىڭ بولسا مىللەتنىڭ ئازاتلىقىنى كۆزلەيدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ۋە شۇ يولدا يېڭى پىكىر ۋە ئىستراتېگىيىلىك پىلان ۋە يول خەرىتىسىنى سىزىپ، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلىك ئاپەتلەرنىڭ زاۋالىغا چارە ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدى. بىزدىكى بۇ قەدەر چوۋالچاقلىق، بۇ قەدەر پاراسەتسىزلىك، بۇ قەدەر تەپرىقە ۋە بۆلۈنمىچىلىكنىڭ ئىللەتلىرى كۆپ ۋە ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ نېگىزلىك ئاملى بىزنىڭ بۇ بىر قانچە ئەسىرلىك قۇللۇق ئەسارىتىمىزنىڭ تەسىرىدىن خاراكتېرىمىزغا سىڭىپ كەتكەن مەنمەنچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى نادانلىق ۋە سەۋىيەسىزلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇنى بىرىمىزنىڭ ئىسلامغا يەنە بىرىمىزنىڭ دىنسىزلىككە باغلاپ ئۆزىمىزنى ئاقلاشنىڭ پايدىسى يوق. ھەممىمىز نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھەممىمىز «مەن نېمىش قىلالايمەن، قولۇمدىن نېمە ئىش كېلىدۇ» دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزدىن

سۇراپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ۋاقتى. ئەرزىمەس سۇئال ۋە پىتنىكار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ زېھنىمىزنى مالال قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

ئەمدى تېمىمىزنىڭ نېگىزىگە قايتىدىغان بولساق، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، كاپىتالىزمنىڭ لىبىرالىزملىق پىكىر ئېقىمى بولسۇن، ياكى سوتسىيالىزمنىڭ كوممۇنىزملىق پىكىر دولقۇنى بولسۇن ياكى سەكەفتىك (گۇمانىست) پىكىرلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان «دېئىزم» ئېقىمى بولسۇن... بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى، شەرق سوتسىيالىزمى، غەرب كاپىتالىزمى ۋە ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە غەرب ئەللىرى ماددىي جەھەتتىن تۈيۈنغان بولسىمۇ مەنىۋىي جەھەتتە ئېچىقاپ، ئائىلە سىستېمىسى تامامەن چۆكۈش باسقۇچىغا يېتىپ قالدى، ھەتتا كىشىلىك تۇرمۇشتا بىر- بىرىگە باغلايدىغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ كېتىش نوقتىسىغا بېرىپ يەتتى. ياشلار ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلىشىپ، ھاراق، زەھەرلىك - چېكىم، زىنا - پاھىشە ۋە كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا بىر نەرسىنى ئويلىمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. بىر نەرسە ئىجاد قىلىش ياكى ئوتتۇرىغا قويۇش ئورنىغا پەقەتلا ئىستېمال قىلىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغان تىرىك تاپ ھالغا كېلىپ قالدى.

ئىلىم - پەن، ئەقىل كۆچىمىز كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، ھەقىقەتەن غەرب ئەللىرىدە شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. كائىنات، تەبىئەت ۋە گېن تەتقىقاتى «ئىلىم، قۇدرەت، مەرھەمەت» ئىگىسى بىر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، يەنە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە سەماۋىي دىنلاردىن باشقا «ئاتېئىزم» ۋە «دېئىزم» غا ئوخشىغان قۇرامىساق ئېتىقادىي قاراشلار يېڭىدىن راۋاج تېپىشقا باشلىدى. گەرچە ئىنسانلار ئوخشىمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىنىنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، ئەمما ئېتىقادسىز ياشىيالمايدۇ! چۈنكى ئېتىقاد ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئانا خاراكتېرى، ھەر ئىنساندا ئۆز خاراكتېرىغا كۆرە بىرەر نەرسىگە تېۋىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ، چۈنكى ئىنسان ئانا رەھمىگە تۆرۈلۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا سىرتقى بىر كۈچكە مۇھتاجلىق ھېسسى پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇھتاجلىق ھېس - تۇيغۇسى تەرەققىي قىلىپ، خاراكتېرىدا بىرەر كۈچكە ئىشىنىش سىستېمىسى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ سىستېما بارغانچە تەرەققىي قىلىپ، بەزىسى ماددىي كۈچكە تېۋىنسا بەزىسى مەنىۋى كۈچكە تېۋىنىدۇ. بۇ

شەكىلدە ئىنسانلارنىڭ بەزىسى تاشقا، ئوتقا چوقۇنسا بەزىسى بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز ئېتىقادسىزلىق ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىغا زىت ئىجتىمائىي ھادىسە. ئەسلىدە ئىنسان ماددىي ئەشيا ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك روھىي ۋە مەنىۋى ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ مۇھتىنىڭ تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ كىشىدىن كىشىگە پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت روھىي جەرياندىلا باغلاپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بەزى ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتى، يەنى سەلبىي ياكى ئىجابىي كەچۈرمىشلىرى يا دىنسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ياكى دىندارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما مۇتلەق ئېتىقادسىزلىق دېگەن نەرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئېتىقاد تۇغما ئىقتىدارى يوق ئادەم بولمايدۇ، ھەممىدە ئېتىقاد ھەر كىمدە كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئوزۇق، ياكى خۇسۇسلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئادەمنىڭ ئۆزلۈك روھىيىتى ۋە تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئاللاھ بىلەن ئالەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، دېئىزمچىلار ئېيتقاندەك، «يارىتىش ۋە يارىتىلىش» ھادىسىسى بىر قېتىملىق بولۇپ ئۆتكەن ۋە قايتا تەكرارلانمايدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى ئىسلام پرىنسىپى بويىچە، مۇتلەق كۈچ ئىگىسى جانابى ئاللاھ ئۆزى خالىسا كائىنات ۋە كائىناتتىكى سىستېم ۋە قانۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ۋە مۇقتەدىر ئىكەنلىكى، مەيلى ئۇ ماكرو ياكى مىكرو مادىدا بولسۇن، مۇتلەق شەكىلدە ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى كۈچىگە تابىئە - تەۋە ئىكەنلىكىدۇر.

بۇ خۇسۇستا، ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ئاللاھ، دۇنيا ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەرگىز ئۈزمەسلىك ياكى ئاجىزلاشتۇرماسلىقتۇر. چۈنكى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاللاھ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى،[1] ئىلمى، ھېكمىتى ۋە شەپقىتى بىلەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي زاتتۇر. بۇ ئالىي زات ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى قانۇنلۇق كۈچىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە زۆرۈر تېپىلغاندا مۆجىزىلەر يارىتىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىدۇ، كىتابلار نازىل قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئورنى ئۇلارنى ياراتقۇچى ۋە كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىغا بولغان تەقۋادارلىقى نىسبىتىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى تونۇپ، ئىشەنگۈچىلەر بۇ ئۇلۇغ زاتقا

[1] «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئاللاھتىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر)، ئاللاھ ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى ئاللاھ ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)». (رەھمان سۈرىسى، 29 ئايەت)

ئۆزىنىڭ دەرت - ئەلىمى ۋە غەم - قايغۇلىرىنى سۇنۇپ، ياردىمىنى تىلەپ، دۇئا قىلالايدۇ. ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بېغىدىن چىققان سەممىي دۇئا - تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ.

دېمەك، پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈلگەن ۋەھيي ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئالاقە بارلىقىغا ئىشىنىش ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىدىن باشقا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى، ئۇنى ھېچ قانداق بىر كۈچ ئۆزگەرتىپ، بۇرمىلىيالمايدىغانلىقى، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزى قوغدايدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ھەقىقىتى 1400 يىللىق تارىخىي جەريانلاردىن بېرى ئىسپاتلانغان رېئال - ھەقىقەتتۇر.

دېئىستلەر دەۋا قىلغان ۋە تېۋىنىپ كەلگەن ئىلاھ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلاھ ئەمەس. ئۇلار ئەسلىدە نەپسانىي - ھەۋەسلىرىگە سېغىنىدۇ. يەنى شەيتانىي ھېسلىرىغا ئىشىنىدۇ. بۇ سەۋەپلىك دېئىست دېمەك ئاتېئىست دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ۋەھيىگە ئاساسلانغان ھەر قانداق ئېتىقاد قارىشىنى ئىنكار قىلغان كىشى دەھرى ۋە ئاتېئىستتۇر. كائىناتنى ياراتقان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان كىشى ئەلۋەتتە بۇ ئىلاھنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ۋە بەلگىلىمىلىرىگە بويۇن ئېگىشى لازىم. ئىلاھنىڭ قانۇنى پرىنسىپلىنى تونۇماسلىق ھەقىقەتتە شۇ ئىلاھنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ پرىنسىپ بويىچە بولغاندا، دېئىست دېمەك ئاتېئىست دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

مەۋجۇدات ئالەمنى ياراتقۇچى بۈيۈك ئاللاھ دېئىستلار ئېيتقاندەك ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلەپ تاشلاپ قويمىغان. بەلكى ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاپ نازىل قىلىپ، شەرىئەت بەلگىلەپ، بۇ ئامانەتنى قانداق قوغداش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كائىنات ۋە كائىناتتىكى جانلىق ھەم جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدە مۇتلەق قانۇن، ئىنچىكە نىزام، زىل قۇرۇلما ۋە مۇكەممەل سىستېمىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن[1]. شۇنىڭدەك ئىنسانغا ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىپ، ماھىيىتىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىنى

[1] «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى». (سۈرە ئىبراھىم 32 - 33 - ئايەتلەر).

ئاتا قىلغان. شۇڭا كۆنىمىزدە ئىنسانلارنىڭ كۆك يۈزىدە ئۇزۇپ يۈرۈشى، پىلانېت ۋە سەييارىلەرنىڭ سىرىنى بايقاپ، يېڭى - يېڭى كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرى، پەقەت جانابى ئاللاھنىڭ شۇ ئىنسانغا ئاتا قىلغان قابىلىيەت ۋە ئىستېداتىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ ئەقلى قانچە تەرەققىي قىلسا، پەرۋەردىگارىنىڭ قۇدرەت ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكى شۇنچە نامايەن بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر سەنئەتكارنىڭ قىممىتى، سەنئەت ئەسىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ باھالىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، غەربتە راۋاج تاپقان دېئىست ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ئەقىلگە مۇتلەق ئىشىنىش پىسخىكىسى» نىڭ ئەكسىچە ئىسلام مۇتىپەككۇرلىرى ئىلاھىي «ۋەھىيگە ساغلام ئەقىلنىڭ تامامەن ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەھيىنىڭ ئەقىل ئۈستى ئەشيا ۋە ھادىسىلەرگە ۋاقىپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

دېئىستلار شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، ئىلاھ سۈپىتى بىلەن تونۇلغان ھەرقانداق بىر تەڭرى بارلىق ئەيىپ نۇقساندىن پاك ۋە مۇنەززەھ بولىشى، شۇنداقلا ئادىل بولۇشى لازىم كېلىدۇ. دۇنيادىكى زالىم مەزلۇملارنىڭ جازا ۋە مۇكاپاتى ئۇ بىر ئالەمدە بېرىلمىسە، بۇ دۇنيانىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتسىز، مەرھەمەتسىز ۋە ۋاپاسىز دۇنيا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەت ئالىمىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇ يەردە ئادىل بىر مەھكىمىنىڭ قۇرۇلۇشى زۆرۈرىيدۇر ۋە مەنتىققە تامامەن ئۇيغۇندۇر.

ئېنىقكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا دىنسىزلىق بىلەن دىندارلىق بىللە داۋام قىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلارغا تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە ئامانلىق ئاتا قىلىدىغان نەرسە دىندارلىق ھايات ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى يېقىنقى تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ھەر تۈردە مەقسەتلىك تۆھمەتچىلىك، ئەسەبىي مىللەتچىلىك، ئېتىقادىي تەئەسسۇبىيەتچىلىك، سىياسىي غەرەز ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى ئاستىدا پەلەستىن، بوسنا، كوسوۋا، چېچەنىستان، ئافغانىستان، ئىراق، مىسىر، ئاراكان، سۇرىيە ۋە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ۋە ھازىرمۇ ھەم يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، سىياسىي بېسىم، ئىجتىمائىي زۇلۇم ۋە قانلىق ۋەقەلەر ئادەمنى تولىمۇ سەسكەندۈرىدۇ.

دېمەككى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بۇ تىراگېدىيەلىك ھادىسە ۋە زۇلۇم - سىتەملەر، جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسان، شۇنداقلا پۈتۈن

مەخلۇقاتلارنىڭ ھايات نىزامىنى ۋە بەخت سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ماھىيىتىدە قويۇلغان ساپ تەۋھىد ئەقىدىسىدىن چەتنەپ، پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكىنىڭ موللۇق مەھسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام پىكىر ئىگىسى بولغان ھەرقانداق كىشى ۋە شەخسلەرنىڭ ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان رېئاللىق شۇكى، جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدا قويغان توغرا دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت ۋە مۇتلەق ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇش مەزمۇنىدا ئىپادىلەنگەن «ئىسلام» ئېتىقادىدىن ئىبارەت بىر ئىلاھلىق ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان «تەۋھىد دىنىي» يەنى ئىسلام دىنىي كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل - ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ۋە بۇنى ئەسلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان زۆرۈرىي ھەقىقەتتۇر.

توغرا، سىياسەت تېپىك بىر دىنىي تېما ئەمەس، چۈنكى دىن ئەقىدە، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئانا كاتېگورىيىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئىنسانىيەت، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنى تەرتىپكە سېلىپ ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن نىزامى ئالەم ۋە خاتىرجەملىكنىڭ كاپالەتچىسىدۇر. سىياسەت بولسا، بۇ بۈيۈك نىزامنىڭ بىر شاخچىسى ياكى بىر پۈتىقى قاتارىدا رول ئالىدۇ.

ئىسلامىي جىھاد ھەرىكىتىنى دۇنيا تېرورىزمىغا باغلاش سىياسىي پەسكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىسلامدىكى جىھاد غەرب ئەللىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، پەقەتلا دۈشمەن بىلەن قوراللىق ئېلىشىش، ياكى باشقا ئاجىز مىللەت ۋە خەلقلەرگە قارشى تاجاۋۇزلۇق ھەرىكىتى ياكى ھۆكۈمران بولۇپ، ئاسارەت ئاستىغا ئېلىش ئۆرۈشى ئەمەس. ئەگەر ئىسلامدا جىھاددىن مەقسەت، پەقەتلا قوراللىق ئېلىشىش ياكى باشقىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش بولسىدى، “تىرىشىش، غەيرەت قىلىش، سەئيى - ئىجتىھاد قىلىش” دېگەن ئۇقۇم ۋە مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان “جىھاد” كەلىمىسى ئىشلىتىلمەي، نوقۇل ھالدا،“ھەرب”، “قىتال” دېگەندەك ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن بولاتتى.

توغرا تەنقىد ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە. چۈنكى

تەنقىد بولمىسا ئىلگىرلەش، تەنقىد بولمىسا مۇنازىرە قىلىش، تەنقىد بولمىسا خاتالىقلارنى كۆرۈش، تەنقىد بولمىسا تەپەككۇر قىلىش بولمايدۇ. لېكىن تەنقىدنى سەلبىي هالدا ئومۇملاشتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، هەق دىنلار، پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر، ساماۋىي كىتابلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن قۇتسال هەقىقەتلەر ئىنسانلارنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى بولالمايدۇ. ئەگەر بۇ تۈر هەقىقەتلەر تەنقىد ئوبيېكتى بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ قۇتساللىق ماهىيىتى يوقايدۇ ـ دە، خالىغان ئىنسانلار تەرىپىدىن كەمسىتىش، تىل ئوزۇتۇش ۋە ئۆزگەرتىپ بۇرمىلاش دېگەندەك ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى غەرب دۇنياسىدىكى دېيىست پەيلاسوپلار يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ كىتابى ـ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا شۈبهە بىلەن قاراپ، ئۇنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ، قۇتساللىقنى يوقىتىۋەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە هاجەتكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىڭ نەچچە يىللىق دىنى ئېتىقادىغا قىسمەنلىك نوقتىسىدىن ئەمەس، ئومۇمىيلىق نوقتىسىدىن؛ يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى چىقىش قىلىش نوقتىسىدىن ئەمەس، ئىسلام تارىخى ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىي بىردەكلىكىنى چىقىش قىلىشى لازىم. چۈنكى هازىرقى زامان ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە نۇقسان ۋە سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەر پەيدا قىلغان سەلبىي تەرەپلەر يوق ئەمەس. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئالدىدا، سەلبىي تەرەپلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش گۈللىنىش، تەرەققى قىلىش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ جاپالىق ۋەزىپىلىرى تۇرۇپتۇ. بۇ ۋەزىپە بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىۋى تونۇش ئىسلاهاتىنىڭ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدا مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. دىن بىلەن پەننىڭ، دىن بىلەن سىياسەتنىڭ، دىن بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە بۇ هەقتە ئورتاق تونۇش هاسىل قىلىش ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ سىياسىي ساهەدە نوقۇل غەربچە ياكى شەرقچە ئەندىزە بىلەن ئەمەس، بەلكى دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىمىزنى ساقلاپ قالغان، زامانىۋىي دۇنياغا ماسلاشقان بىر پىرىنسىپ تۈزۈپ، لاياقەتلىك بىر ئەۋلاد سىياسىيونلارنى تەربىيەلەپ چىقىش كېرەك.



# داغدام يولدىن ماڭامدۇق ياكى چىغىر يوللاردىنمۇ؟

ھەببۇللاھ تەكلىماكانى



﴿كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىر) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي﴾.[1]

ئادەتتە، «يول» دېيىلسە، ئاساسەن چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ كاللىسىغا «مۇئەييەن نۇقتىدىن باشلىنىدىغان، يولۇچىنى مەلۇم نىشانغا ئاپىرالايدىغان، ھالقىلىق بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا ئىشارەتلەر قويۇلغان، زېمىننىڭ باشقا جايلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يەر بۆلىكى» دېگەن ئۇقۇم كېلىدۇ. بۇنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق.

ھەممىگە ئايانكى، بۇنداق يوللار ئىچىدە كۆپ سانلىق ئىنسانلار ئازادە ماڭىدىغان، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار مېڭىپ كەلگەن، كەڭ، پۈتۈن يولۇچىلارغا ئورتاق بولغان، داغدام يوللارمۇ بار. شۇنىڭدەك، مەزكۇر يوللار ئىچىدە مەلۇم كىشىلەرگە ياكى تائىپىلەرگە خاس؛ ھەممەيلەن ئەمەس، پەقەت ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەرلا ماڭىدىغان؛ ھەتتا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن

[1] نىسا سۈرىسى: 115 ـ ئايەت.

بىرەر مەھەللىگە كىرىپ كېتىدىغان ياكى مەلۇم بىرلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ توختاپ قالىدىغان، ئايىغى چىقماس بىر قىسىم خالتا كوچىلارمۇ، چىغىر يوللارمۇ بار. بۇنداق يوللار يۇقىرىقىدەك چوڭ، داغدام يوللارنىڭ بويلىرىدا پات - پات ئۇچراپ قالىدىغان، داغدام يولدىن ئايرىلىپ چىققان ئوغرى كوچىلار ياكى چىغىر يوللار بولۇپ، بۇنداق كوچىلار تارىخنىڭ مەلۇم دەۋرىدە، مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن، مەلۇم مەقسەتتە پەيدا قىلىنغان بولغاچقا، يا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىدۇ؛ ياكى ئازراق ماڭغاندىن كېيىنلا ئاخىرلىشىدىغان، ئايىغى چىقماس، خالتا كوچىلار بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردە شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، يۇقىرىقىدەك چوڭ، داغدام يوللار يولۇچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلدۇرۇپ، يەنە دەسلەپتە سەپەرنى باشلىغان نۇقتىغا، ئەسلىي نىشانغا ئېلىپ بارالايدۇ. ئەمما، خالتا كوچىلار ۋە چىغىر يوللار بولسا مەزكۇر يوللارنى ياسىغۇچىلارنىڭ مەھەللىسىگە ياكى ھويلىسىغا باشلاپ بارىدىغان، قىسقا مۇساپىلىك يوللار بولغاچقا، يولۇچىلارنى نە ئەسلىي نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ، نە دەسلەپ باشلانغان نۇقتىغا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

ئەمدى يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان سەرلەۋھە ئايەتتىكى «مۇئمىنلەرنىڭ يولى» دېگەن ئىبارىگە كەلسەك، بۇ ئايەتتىكى «مۇئمىنلەرنىڭ يولى»مۇ مەلۇم باشلىنىش نۇقتىسى بولغان، ماڭغۇچىلارنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزەلەيدىغان، بۇرۇندىن تارتىپ مۇئمىنلەر مېڭىپ كەلگەن ۋە تا دەۋر قىيامەتكە قەدەر مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، داغدام يولدۇر.

بۇ نۇقتىدا مۇنداق سوئاللار تۇغۇلىدۇ: بۇ يول قايسى نۇقتىدىن باشلىنىدۇ؟ يولۇچىلارنى قەيەرگە ئاپىرىدۇ؟ قايسى نىشانغا يەتكۈزىدۇ؟ مۇئمىنلەر يەتمەكچى بولغان ئەسلىي نىشان قايسى؟

بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «مۇئمىنلەرنىڭ يولى» بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق يولباشچىمىز، رەھبىرىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن باشلىنىدۇ. باشقىچە ئىپادىلىسەك، بۇ يول پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭغا ئاسماندىن ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۈستۈنكى ئالەمگە، بىزنى يوقتىن بار قىلغۇچى، پۈتكۈل كائىناتنى ئاپىرىدە قىلغۇچى رەببىمىزگە، ئۇ دۇنياغا، جەننەتكە تۇتىشىدۇ. بۇ يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى بولغان ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە تەبەئۇتتابىئىنلاردىن ئىبارەت سەلەپ سالىھلار ئارقىلىق داۋاملىشىپ، شۇ دەۋردىن باشلاپ ئۈزۈلۈپ قالماي، بىزگە قەدەر ئۈزۈكسىز

شــەكلدە يېتــىپ كەلگــەن، قۇرئــان كەرىــم ئارقىلىــق نىشــانى ئېنىــق بەلگىلەنگەن ۋە خەرىتىلىــرى ئېنىــق ســىزىلغان، رەســۇلۇللاھنىڭ ســۈننەتلىرى ئارقىلىــق زۆرۈر بەلگە ـ ئىشــارەتلىرى قويۇلغــان داغــدام يولــدۇر. ھەتتــا بــۇ يولنــى يۈتكــۈل ئىنســانلارنىڭ ئاتىســى ئــادەم ئەلەيھىســسالامدىن باشــلانغان يــول دېيىشــكىمۇ بولىدۇكــى، بــۇ يــول ئاللاھقــا ۋە ئۇنــىڭ پەيغەمبىرىگــە ئىشــەنگۈچى مۇئمىنلەرنــى يەنــە شــۇ باشــلىنىش نۇقتىســى بولغــان پەرۋەردىگارىمىــز ئاللاھقــا، ئــۇ دۇنيالىــق بەخــت ـ ســائادەتكە باشــلاپ ئاپىرىــدۇ.

ئۇنداقتــا، مەزكــۇر ئايەتتــە تىلغــا ئېلىنغــان «مۇئمىنلەرنــىڭ يولى»نــىڭ بويلىرىدىمــۇ ئانــدا ـ ســاندا ئۇچــراپ قالىدىغــان، پەقــەت مەلــۇم كىشــىلەرلا ماڭىدىغــان ۋە ماڭغۇچىلارنــى شــۇ يولنــى پەيــدا قىلغۇچىلارنــىڭ ئىشــىكلىرى ئالدىغــا ياكــى ھويلىســىغا ۋە ياكــى ئاشــۇلار خالىغــان يەرگــە باشــلاپ ئاپىرىدىغــان چىغىــر يولــلار ياكــى خالتــا كوچــلار بارمــۇ؟ دېگــەن نۇقتىغــا كەلســەك، ئەلۋەتتــە بــار. ئىســلام تارىخىغــا نــەزەر ســالىدىغان بولســاق، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىــپ مۇئمىنلــەر ئۈزلۈكســىز مېڭىــپ كەلگــەن، تــا ھازىرغــا قــەدەر داۋاملاشــقان بــۇ داغــدام يولنــىڭ بويىــدا تارىــخ مابەينىــدە نۇرغــۇن چىغىــر يولــلار ۋە خالتــا كوچــلار ھەرخىــل نامــدا، ھەرخىــل شــەكىلدە ئوتتۇرىغــا چىققــان بولــۇپ، ئــۇلار «خاۋارىجــلار، شــىئەلەر، مۇرجىئىيــلار، قەدەرىيەلــەر، جەبرىيەلــەر، جەھمىيەلــەر، مۇئتەزىلىلــەر، قارامىتىلــەر، ۋاھھابىيلار، ســەلەپىيلەر[1]، ھىزبۇتتەھرىر ۋەھــاكازالار...» دېگەنــدەك نامــلار بىلــەن ئوتتۇرىغــا چىقىــپ كەلگــەن بولــۇپ، بۇنىڭغــا ئوخشــاش خىلمۇخىــل پىرقىلــەر يەنــە ھەرخىــل نامــدا ھېلىھــەم ئوتتۇرىغــا چىقىۋاتىــدۇ. بەلكىــم بــۇ ئەھــۋال دەۋر قىيامەتكــە قــەدەر مۇشــۇنداق داۋاملىشىشــى مۇمكىــن.

قارايدىغــان بولســاق، بۇنــداق يولــلار يۇقىرىــدا دېيىلگەنــدەك پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ دەۋرىدىن باشــلانغان بولماســتىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامدىن كېيىــن، مەلــۇم دەۋر ھەتتــا بىرقانچــە ئەســىرلەر ئۆتكەندىــن كېيىنكــى دەۋرلــەردە ۋە مەلــۇم جايــلاردا ئوتتۇرىغــا چىققــان بولــۇپ، ئومۇمــي مۇســۇلمانلار ئەزەلدىــن مېڭىپ كەلگــەن داغــدام يولدىــن ئايرىلىــپ چىققــان چىغىــر يولــلاردۇر. بۇنــداق چىغىــر يوللار خاراكتېــر جەھەتتــە يــەر يۈزىــدە ئىنســانلار ماڭىدىغــان چىغىــر يوللارغــا ئوخشــايدىغان بولــۇپ، يولۇچىلارنــى ئەســلىي مەنزىلگــە يەتكۈزەلمەيــدۇ، دەســلەپ باشــلانغان نۇقتىغــا ئاپىرالمايــدۇ، ئەكســىچە ئاشــۇ يوللارنــى پەيــدا قىلغانــلار قەيەرگــە خالىســا، شــۇ يەرگــە بارىــدۇ ۋە ئــازراق ماڭغاندىــن كېيىــن، ئايىغــى چىقمــاي توختــاپ قالىدۇ، ھەتتــا بىــر مەزگىلدىــن كېيىــن دۇنيــا سەھنىســىدىن غايىــپ بولىــدۇ ۋە بولۇۋاتىــدۇ.

[1] بــۇلار ســەلەپ ســالىھلار ئەمــەس، چۈنكــى ســەلەپىيلەر باشــقا، ســەلەپ ســالىھلار باشــقا. بــۇ نۇقتــا باشــقا يازمــا ۋە ماقالىلــەردە كونكرېت ئايدىڭلاشتۇرۇلغۇســى، ئىنشــائاللاھ.

تارىخ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتىدۇر. ﴿كۆپۈكلەر غايىپ بولىدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېپقالىدۇ﴾[1].

ئەمدى بىز «داغدام يولدىن ماڭامدۇق ياكى مۇشۇنداق چىغىر يوللاردىنمۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، بۇ ھەقتە بىزگە ھەقىقەتنى ۋە توغرا يولنى كۆرسەتكەن، قانداق مېڭىشنى ئۆگەتكەن، ئىككى دۇنيالىق يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مۇھىم تەلىمات بەرگەن:

ئىمام نەسائىي، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى بىر سىزىق سىزغاندىن كېيىن: «بۇ ئاللاھنىڭ يولى (يەنى ئاللاھقا ئاپىرىدىغان يول)» دېگەن. ئاندىن مەزكۇر سىزىقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە باشقا سىزىقلارنى سىزىپ: «بۇ باشقا يوللار بولۇپ، (بۇلاردىن) ھەربىر يولنىڭ ئۈستىدە (ئىنسانلارنى) شۇ يولغا چاقىرىدىغان شەيتان بار» دېگەندىن كېيىن: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، (باشقا تۈرلۈك - تۈرلۈك) يوللارغا كىرىپ كەتمەڭلار. بولمىسا ئۇ يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ) سىلەرنى ئاشۇ يولدىن مېڭىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىزگە بۇ دۇنيالىق سەپىرىمىزدە يۇقىرىقىدەك چىغىر يوللارغا، خالتا كوچىلارغا دۇچ كەلگىنىمىزدە، قانداق مېڭىش ھەققىدە تەلىم بېرىش بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدىلا ئۆزىدىن كېيىنكى كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ داغدام يولى بويلىرىدا ئاشۇنداق خالتا كوچىلار ۋە چىغىر يوللارنىڭ پات - پات ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگەن ۋە ئۇنداق يوللارغا كىرىپ كېتىشتىن ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرغان. دېمەك، بۇ ھەدىس بىر تەرەپتىن مۇئمىنلەرگە قايسى يولدىن مېڭىشنى تەلىم بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىك غەيبىي بېشارەتلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئادەتتە بۇنداق چىغىر يوللارنى ۋە ئۇلارنى پەيدا قىلىپ ماڭغۇچىلارنى قۇرئان كەرىمنى ئەتراپلىق چۈشەنمەيدىغان، ئىسلام ھەققىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان ئالىم، ئۆلىمالاردىن باشقىلار دەماللىققا تونۇپ بولالمايدۇ. ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى توغرىدەك، ماڭغان يولى توغرا يولدەك بىلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ،

[1] سۈرە رەئد، 17 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام، 153 - ئايەت.
[3] مۇسنەدى ئەھمەد، 4142 - ھەدىس.

پەيغەمبەرنىڭ، قۇرئاننىڭ ۋە ئىسلامنىڭ گېپىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ، باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بەزى ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئەتراپلىق دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرى ۋە دەۋاتقانلىرىنى توغرىمىكىن دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنى دەماللىققا پەرق ئېتەلمەيدۇ ۋە بىلىپ - بىلمەي شۇلارغا ئەگىشىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى ئۈستىدە (جەھەننەمگە) چاقىرغۇچىلار بار. كىمكى ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ (ئۇلارغا ئەگەشسە)، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئۇلار بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىقىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: شۇنداق چاغدا بىزنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مۇسۇلمانلار توپىدىن (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىن) ئايرىلماڭلار...» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

دېمەك، مۇسۇلمانلار توپىدىن ئايرىلغان، مۆئمىنلەرنىڭ داغدام يولىدىن چەتنەپ كەتكەن تۈرلۈك پىرقىلەرمۇ ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، قۇرئاننىڭ ۋە ئىسلامنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. بولمىسا ھېچكىم ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئاللاھ كۆرسەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاساس سالغان، مۇسۇلمانلار داۋاملاشتۇرغان ۋە مۆئمىنلەرنى ئاللاھ تەرەپكە باشلاپ بارىدىغان داغدام يولدىن چەتنەپ كەتمەيلى دەيدىكەنمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىماتلىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز؛ تارىخنىڭ مەلۇم دەۋرلىرىدە پات - پات پەيدا بولۇپ، خىلمۇخىل يوچۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدىغان پىرقىلەرگە ئەگىشىپ كېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

بۇ مەسىلىنى نۆۋەتتە بىز نەق دۇچ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بىلەن تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، مەسىلەن، ھازىر «قۇرئانچىلار» نامىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلىرىنى «قۇرئان ئىسلامى» دەۋالغان بىر پىرقە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇلار چەك باسمايدىغان پۈچەك قاراشلىرىنى ھەدەپ بازارغا سېلىۋاتىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلار» دەپ ئاتىۋالغان نامغا تۇشلۇق قۇرئاننى جايلاپمۇ ئوقۇيالمايدۇ؛ ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى ئىنكار

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 3606 - ھەدىس.

قىلىپ، نىمىلەرنى جار سېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايدۇ؛ ئۆزلىرى جار سالغاندەك «قۇرئانچىلىق»نىڭ، «قۇرئان ئىسلامى»نىڭ ئاشۇ قۇرئان نازىل بولغان دەۋردىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. ئەگەر بۇلار ھەقىقىي «قۇرئانچىلار» بولسا، ئاشۇ قۇرئان نازىل بولغان دەۋردىن باشلاپ، 14 ئەسىر مابەينىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن داغدام يولنى نىمشقا رەت قىلىدۇ؟ نەچچە ئەسىر مابەينىدە مۇشۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىپ، بىزگە قەدەر يەتكۈزگەن، مۇشۇ دىننى دەپ بارلىقىنى قۇربان قىلغان، تەسۋىرلىگۈسىز بەدەللەرنى تۆلىگەن، بىزگە بۇ دىننى توغرا يوسۇندا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلغان ساناقسىز مۇسۇلمانلار، مۇجتەھىد ئۆلىمالار ۋە سەلەپ سالىھ ئەجدادلىرىمىزنى نىمىگە ئاساسەن ئازغۇنغا، ماڭغان يوللىرىنى خاتاغا چىقىرىدۇ؟ ئەجەبا، 14 ئەسىر مابەينىدە ئومۇميۈزلۈك مۇسۇلمانلار توپى خاتالىشىپ، خاتا يولدا مېڭىپ كەلگەنمۇ؟ ئەجەبا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىللىقنى ساقلاپ، مۇئەييەن دىنىي ئەنئەنە شەكىللەندۇرگەن مۇسۇلمانلار توپى ھەممىسى خاتالىشىپ، بۇلار ئەمدى چىقىپ توغرا يولنى تېپىۋالدىمۇ؟

ماقۇل، بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جامائەتتىن ئايرىلماڭلار...»[1]؛ «ئاللاھ مېنىڭ ئۇممىتىمنى ئازغۇنلۇق ئۈستىدە جەم قىلمايدۇ...»[2] دېگەندەك مەزمۇنلاردىكى ھەدىسلىرىنىڭ «رىۋايەت» دېگەن باھانە بىلەن رەت قىلسۇن (بۇ ھەقتە تېخى كېيىنكى يازمىلاردا تەپسىلىيرەك توختىلىشقا نىسىپ بولغاي، ئىنشائاللاھ). يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، مەزكۇر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مۇئمىنلەرنىڭ يولى»دىكى «مۇئمىنلەر» ئاشۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېچىپ بەرگەن يولدىن ئۈزلۈكسىز مېڭىپ كەلگەن كۆپ سانلىق مۇئمىنلەر توپى ئىكەنلىكىنى؛ بۇلار ئۆزلىرى داۋراڭ سالغان «قۇرئان يولى»نىڭمۇ ئاشۇ دەۋردىن باشلىنىدىغان ۋە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك يول ئىكەنلىكىنى نىمشقا ئويلاپ يېتەلمەيدۇ؟ ئۆزلىرى ئەمدى پەيدا بولۇپ، قۇرئان نازىل بولغان دەۋردىن باشلاپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن يولنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلار»، بازارغا سېلىۋاتقان ئىدىيولوگىيەلىرىنى «قۇرئان ئىسلامى» دەپ جار سېلىش قايسى مەنتىقىگە ئۇيغۇن؟

ھەممىمىزگە ئايان بولغاندەك، بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرلەرگىچىمۇ يوق ئىدى. بۇلار ئەمدى پەيدا بولغان پىرقىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ يولىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پىرقىلەرنىڭ يوللىرىغا ئوخشايدىغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل

[1] مۇسنەدى ئەھمەد، 23145 ـ ھەدىس.
[2] سۈنەنى ئىبنى ماجە، 3950 ـ ھەدىس.

داۋاملىشىپ كەلگەن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ يولى بولغان داغدام يولدىن ئايرىلىپ چىققان ئوغرى كوچا ۋە چىغىر يوللاردىن بىرىدۇر. بۇ يولنىڭ خاراكتېرىمۇ بىز زېمىندىكى داغدام يوللارنىڭ بويىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئوغرى كوچىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ يول مۇسۇلمانلارنى ئەسلىي نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەكسىچە مۇشۇ يولنى پەيدا قىلغانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھەتتا ھويلىسىغا؛ قىسقىسى، مۇشۇلار قەيەرگە خالىسا، شۇ يەرگە باشلاپ ئاپىرىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئادەتتە داغدام يوللار ئۈستىدە يولۇچىلارنىڭ خاتا يوللارغا كىرىپ قېلىپ، نىشاندىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يول ئۈستىدىكى ھالقىلىق بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا، يول ئاچاللىرىغا بەلگە ۋە ئىشارەتلەر قويۇلغان بولىدۇ. مەلۇم مەنزىلنى كۆزلەپ ماڭغان يولۇچى مەنزىلگە يېتىشتە چوقۇم ئاشۇ بەلگە ـ ئىشارەتلەرگە دىققەت قىلىپ، ئەسلىي نىشاننى كۆزلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. يول بەلگىلىرىنى تاشلاپ، نىشانغا ئاپىرىدىغان داغدام يولدىن چەتنەپ، ئوغرى كوچىلارغا ياكى چىغىر يوللارغا كىرىپ كەتكەنلەر نىشاندىن ئادىشىپ، باشقا ياققا كېتىپ قالىدۇ ۋە نىشانغا يېتەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق دېگەندەك ھەرخىل تېمىلاردىكى تەلىمات ۋە كۆرسەتمىلىرى مۇسۇلمانلار ئەسلىي نىشاننى كۆزلەپ ماڭىدىغان داغدام يول بولسا، بىزگە بۇ يولنى ئېلىپ كەلگەن، بۇ يولدا قانداق مېڭىشنى ئۆگەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئاشۇ داغدام يول ئۈستىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىغا ۋە يول ئاچاللىرىغا قويۇلغان بەلگە ـ ئىشارەتلەر ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم شۈبھىسىزكى مەنىسى چوڭقۇر ھەم مەزمۇنى مول، مۆجىزىلىك بىر كىتابكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىۋاستە ئاشۇ كىتابنى شەرھلەپ بېرىش ۋەزىپىسى يۈكلىنىپ، شۇ كىتاب كۆرسەتكەن يولدا قانداق مېڭىشنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولمىسا ئىدى، قۇرئاننى ھەركىم ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشىنىشكە باشلايتتى، نۇرغۇن جايلار خاتا چۈشىنىلىپ، تەسۋىرلىگۈسىز قالايمىقانچىلىق ۋە ئازغۇنلۇقلار مەيدانغا كېلەتتى. قىسقىسى، تۈركىيەلىك پروفېسسور، مۇتەپەككۇر ياسىن ئاكتاي ئېيتقاندەك، قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن ئايرىۋېتىلگەندە، ئۇ بىراۋنىڭ قولىدىكى ياكى ئىشىكى ئالدىدىكى خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان يەرگە ئىتتىرىپ ئاپىرالايدىغان قول ھارۋىسىغا ئوخشاپ قالىدۇكى، ئۇنى ھەركىم ئۆز مۇددىئاسى بويىچە چۈشىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى توغرىلاش ئۈچۈن دەلىل ئىزدەيدۇ.

دېمەك، سۈننەت بىزگە قۇرئاننى قانداق چۈشىنىشنى، قۇرئان يولىدا قانداق

مېڭىشنى، قانداق يەردە، قاياققا بۇرۇلۇشنى ئۆگىتىدۇ ۋە بىزگە ئەسلىي نىشانغا يەتكۈزىدىغان لىنىيەنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ناۋادا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار توپى ئىزچىل مېڭىپ كەلگەن، تا بىزگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ھېچبىر ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالمىغان داغدام يولنى قويۇپ، مۇشۇنداق چىغىر يوللارغا، خالتا كوچىلارغا ماڭىدىكەنمىز، بۇنداق يوللار بىزنى ئەسلىي نىشاندىن ئاداشتۇرىدۇ؛ بىزنى مۇشۇ يوللارنى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باشلاپ ئاپىرىپ تاشلاپ قويىدۇ ـ دە، بۇ يول شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. ئاندىن بىز قەيەرگە مېڭىشىمىزنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ ئەسلىي نىشانغا بارالمايمىز.

مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كىمكى توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ماڭىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز﴾[1]؛ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، (باشقا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك) يوللارغا كىرىپ كەتمەڭلار. بولمىسا ئۇ يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. تەقۋادار بولۇشۇڭلار ئۈچۈن (ئاللاھ) سىلەرنى ئاشۇ يولدىن مېڭىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسى بولۇپ، بىز ئەزەلدىن مۆئمىنلەر مېڭىپ كەلگەن، باشلىنىش نۇقتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان، ئۈستۈنكى ئالەمگە، ئاللاھقا تۇتىشىدىغان داغدام يولدىن ئادىشىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، باشقا خىلمۇخىل يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بەلكىم، بۇ نۇقتىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىغا «‹قۇرئانچىلار› دەپ ئاتالغان بۇ تائىپە كىم؟ قاچان پەيدا بولغان؟ بۇلارنىڭ يولى قەيەردىن، قاچان باشلانغان؟ كىم ياكى كىملەر پەيدا قىلغان؟ بۇلارنىڭ يولىنى نېمىشقا «خالتا كوچا» ياكى «چىغىر يول» دەيمىز؟ بۇلارنىڭ خاراكتېرى، قاراشلىرى ۋە تۇتۇپ ماڭغان يولى قايسى؟» دېگەندەك سوئاللار كېلىشى مۇمكىن. بۇ سوئاللارغا بىر قەدەر كونكرېتراق جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قىسقىغىنا ماقالىدە بۇ سوئاللارغا ئەتراپلىق جاۋاب بېرىمىز دەپ ئولتۇرساق، گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە باشقا ماقالە ياكى كىتابلار يېزىلغۇسى، ئىنشائاللاھ.

[1] سۈرە نىسا، 115 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام، 153 ـ ئايەت.



# مۇنەۋۋەر ياشلىرى بولمىغان جەمئىيەت زاۋاللىققا مەھكۇمدۇر

پروفېسسور، دوكتور يۈسۈپ قاپلان
تەرجىمە: سۇمەييە مۇھەممەد

مەدەنىيەتلەر گويا كۈچلۈك شامالنىڭ ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، تۆت پەسىلنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا، قار - شىۋىرغانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تاغ تىزمىلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن يىللىق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولىدۇ. ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئوزۇقلىنىشنى بىلگەن سەرخىل ياشلار مۇنەۋۋەر ئەجداتلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەنزىلگە ساق - سالامەت يېتەلەيدۇ.

مەن بۇ يەردە بىلەرمەنلىك قىلمايمەن، ئۇنداق نىيىتىممۇ يوق.

تۈركىيە تارىختا تۈنجى قېتىم مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن چەتنىگەن زىيالىيلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ئۆزلۈكىنى يوقىتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ جاللىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بىز بۇ يوقۇلۇشنى ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئوت يۈرەك، قەلبى پارلاق، نەمۇنىلىك ياشلار بىلەنلا توختىتالايمىز.

مۇنەۋۋەر ياشلار تارىخ يارىتالايدۇ...

مۇنەۋۋەر ياشلار ئۆز دۆلىتىگە، خەلقىگە ۋە دۇنياسىغا تەۋە بولۇش تۇيغۇسى

بولغان سەرخىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدۇر. مۇنەۋۋەر ياشلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى، ئۆلىمالار، دانالار، مۇتەپەككۇرلار ۋە يولباشچىلاردۇر.

مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە نىيەت ـ مەقسەتلىرى باردۇر. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورۇن بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئوخشىماسلىقلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ ۋە پايدىلىنالايدۇ. مۇنەۋۋەر ياشلار ئۆگەنگۈچى ھەم ئۆگەتكۈچىدۇر. ئۇلار ھەم بەرپا قىلغۇچى، ھەم ھىمايە قىلغۇچىدۇر. ھەممىدىن مۇھىمى يولباشچىدۇر. يولباشچىلىق رولىنى يوقاتقانلار نېمىنى، نەدە، قانداق سۆزلەشنى بىلمەيدۇ.

مۇھىمى، بىزگە ئىنساندەك ياشايدىغان بىر دۇنيانى قۇرۇپ بېرەلمەيدۇ ۋە يولىمىزنى ئاچىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك، بوشۇش خاراكتېرلىك سۆزلەرنى دېيەلمەيدۇ ۋە روھىيەتنى تىرىلدۈرىدىغان مەزمۇنلارنى تەشۋىق قىلالمايدۇ!

شۇڭلاشقا مۇنەۋۋەر ياشلار تۆرلۈك مەدەنىيەتلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا باشلامچىلىق قىلىپ قوغدايدىغان كىشىلەردۇر، بۇنداق كىشىلەر غەربتە زىيالىي ۋە ئاكادېمىكلاردۇر. بىزدە بولسا دىنىي ئالىملار، ئۆگىنىش سەپىرىگە ئاتلانغانلار، ئىلىم ـ ھېكمەتكە تولغان دانىشمەنلەردۇر. مەدەنىيەتلەر ئىلغار پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەر كىشىلەرنىڭ قوغدىشى ۋە يولباشچىلىقى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. مۇنەۋۋەر ياشلىرى بولمىغان مەدەنىيەتلەر تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ.

زىيالىيلىرىمىزنىڭ پارىژدا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر بۇنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاتىللا ئىلخان ئۈچىغا چىققان كامالىست بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ۋەتەننىڭ سەممىي بىر ئەۋلادى ئىدى. ئۇ پارىژغا سۈرگۈن قىلىنغان ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پارىژدا ياشىغان تۈرك زىيالىيلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشقان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ يازمىلىرىدا فرانسىيە زىيالىيلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ **(Hangi Edebiyat)** ناملىق كىتابىدا، روس سوتسىيالىزمىنىڭ چىنلىقىغا تەسلىم بولغانلىقىنى، تۈرك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك چىنلىق بىلەن نە قەدەر يۇغۇرۇلغانلىقىنى ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقىنى، بىز تونۇمايدىغان ھەتتا ئىسمىنىمۇ جايىدا

تەلەپپۇز قىلالمايدىغان روس يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرى ھەققىدە پارىژ قەھۋەخانىلىرىدا تۈركىيەدىن كەلگەن سۆرگۈنلەر بىلەن كېچە ـ كېچىلەپ مۇزاكىرە قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭ يازمىلىرى بەكمۇ ئەتراپلىق ئىدى. ئۇ يەنە باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان، جېدەلخور ئادەم ئىدى. ئىزدىنەتتى...ھەقىقەتنى ئىزدەيتتى...

ئۇ ئۆزى پارىژدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى سولچىل زىيالىيلارغا ئوخشاش موسكۋا خىيالىنى سۆرەتتى. كوممۇنىزم فرانسىيە زىيالىيلىرى ئارىسىدا مودىغا ئايلىنىپ كەڭ تارقالغان ئىدى. فرانسىيە زىيالىيلىرى سارترەدىن مالرائۇكسقىچە بولغان مەزگىلدە كوممۇنىست ئىدى. مالرائۇكس كېيىنچە سوتسىيالىزمنى تاشلاپ، خرىستىيانلاشقان ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قايتىدۇ.

گەرچە ئاز بولسىمۇ ۋەتىنىگە قايتقانلار بار...

تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ پارىژدىكى ھېكايىلىرى ئاسانلىقچە تۈگىمەيدۇ!

تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ پارىژ سۆيگۈسى 1960 ـ يىللارغىچە داۋاملاشتى. ئۇلار پارىژدا توپتوغرا بىر ئەسىر چىقىش يولى ئىزدىدى! ئاخىرىدا ھەر بىرى غەربنىڭ كۆلتۈرەل مىسسىئونېرى «مەنىۋى جاسۇسى» غا ئايلىنىپ كەتتى. پارىژدىن ۋەتىنىگە قايتقان تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ سانى بەكمۇ ئاز.

يەھيا كامال ۋەتىنىگە قايتقان ئاز ساندىكى زىيالىيلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ پارىژدا فرانسۇز مىللىيەتچىسى سورېلنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇ يەردە ئۆزلۈكىنى تاپقان ئىدى. ئۇ ۋەتىنىگە قايتقىنىدا ئوسمانىيلار روھىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەزىز ئىستانبۇلغا «بوغاز ئىچى مەدەنىيىتى» دەپ ئۆزگىچە ئىسىم قويغان، ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، ئېستېتىكىسىنى، شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيادا تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا باشقىلارغا قۇچاق ئېچىپ ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايدىغان مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر ئوسمانىيلار مەدەنىيىتى ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

يەھيا كامالنىڭ زىيالىي ئوقۇغۇچىسى تانپىنارى، «يەھيا كەمال» ناملىق كىتابىدا ئۇستازىنىڭ پىكىر ۋە سەنئەت دۇنياسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئىستانبۇلنىڭ پۈتۈن كوچا ـ كويلىرىنى، تارىخىي بىنا ـ سارايلىرىنى ھېكايىلەر بىلەن تەپسىلى چۈشەندۈرگەن نادىر ئۇچرايدىغان بىر ئوسمانىيلار ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ھەيران قالارلىق بىر ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان.

«غەربنىڭ مەنۋىي جاسۇسلىقنى» رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن چەتكە قېقىلغان زىيالىيلار...

ئاتىللا ئىلھان «تۈرك زىيالىيلىرى غەربنىڭ مەنۋىي جاسۇسىدۇر» دېگەن ئىدى.

ئاتىللا ئىلھان تۈركىيەدىكى سولچىل زىيالىيلار ئىچىدە ئۆزگىچە بىر كىشى ئىدى. چەتكە قېقىلدى، ئەمما يولىدىن قايتمىدى، سوغۇققانلىق بىلەن كۆرىشىنى داۋاملاشتۇردى.

ھېكمەت قىۋىلجىم بۇ ۋەتەننىڭ سوتسىيالىست بىر ئەۋلادى ئىدى. ئەييۇبتا ئەزان ئوقۇلغاندا، يىغىنىنى توختۇتۇپ: «بۇ ئەزانلار بىزنىڭ ئازاتلىقىمىزنىڭ سىمۋولىدۇر» دېيەلەيدىغان دەرىجىدە ئىسلامنى سۆيگەن ۋەتەن ئەۋلادى ئىدى. ئەمما ئۇمۇ چەتكە قېقىلدى.

كامال تاھىرمۇ ئوخشاشلا ئوسمانىيلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلغان ۋە ئوسمانىيلار رومانىنى دۆلەتنىڭ ئانا تىلى بىلەن يازغان، ئۆمرى تۈرمىلەردە ئۆتكەن جاپاكەش ۋەتەن ئەۋلادى ئىدى. ئەمما ئۇمۇ چەتكە قېقىلدى، ئۆچۈرۈپ تاشلاندى.

ئېھتىيات قىلىڭلار!

غەربتە ياشايدىغان، غەربنىڭ مەنۋىي جاسۇسلىقنى قىلىدىغان ساختا يازغۇچىلار سەھنىگە چىقىرىلىپ، مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى بىر - بىرلەپ يوق قىلىنىۋاتىدۇ ياكى ھاياتىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇلىۋاتىدۇ...

گەپنىڭ قىسقىسى: بىر مىللەتنىڭ تارىخى ئېتىقادلىق، پىداكار ۋە يولباشچى نەسىل بىلەن يارىتىلىدۇ. يولباشچى نەسلى بولمىغان بىر مىللەت يەر بىلەن يەكسان بولۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!

تۈركىيە ئۆزلۈكىنى يوقىتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە... ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەرىكەت قىلمىساق ئەۋلادلىرىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

ئەۋلادلىرىمىزنى يوقىتىپ قويساق، بۇ دۆلەتنىمۇ گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمىز، ئاللاھ ساقلىسۇن! بۇ مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇم.



# نۆۋەتتە خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا

مۇھەممەد يۈسۈپ



خەلقىمىز ھەقىقەتەن چوڭ تەھدىتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ تەھدىتلەرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەن دەۋاسىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئۇيغۇرلۇقنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدۇر. كۆرۈۋاتىمىزكى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەن دەۋاسى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاكتىپلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ ئاز ساندىكى ئاكتىپلار ئومۇمەن ئۆمرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك قىسمىنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسسىق قوينىدا ئۆتكۈزگەن، يۈرىكىگە ۋەتەن سۆيگۈسى تۇتاشقان، ۋەتەننىڭ ئۆي - دۆڭىنى، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن بۇ دەۋانى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىدىن ئېشىنالماي، ۋەتەن دەۋاسى ئۈچۈن ھېچبىر ئىش قىلماي كەلمەكتە.

چەتئەللەردە ۋەتەن دەۋاسىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، ھەتتا تۈگەپ كېتىشى، بۇ دەۋانى داۋاملاشتۇرىدىغان يېڭى نەسلىنىڭ چىقماسلىقى ۋە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان دۆلەتلەردىكى خەلقلەرگە ئاسسىمىلاتسىيەلىشىپ ئۆز تىلىدىن ۋە مىللىي روھتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىشى قاتارلىق تەھدىتلەرنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

نۆۋەتتىكى بۇ تەھدىتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن مۇنۇ ئىككى ئىشنى تەخىرسىز قىلىش زۆرۈر دەپ ئويلايمەن: بىرىنچىسى، مەۋجۇت پىداكارلارنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش. ئىككىنچىسى، ئائىلىنى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر يېڭى نەسىل يېتىشتۈرۈش.

ئەگەر بىز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان بولساق، بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ دۇنيا ئىشلىگەنلەر قازىنىدىغان بىر مەيدان بولۇپ، ھەركىم ئۆز تىرىشچانلىقىغا يارىشا قازىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى سەۋەب قىلىشقا باغلىغان. قۇرئان كەرىمدە: «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. خەلقىمىزدىمۇ، «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ماقال بار.

بۇ ئىككى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

بىرىنچى ئىشنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن، ھەقىقىي پىداكار ئۆلىمالارغا، زىيالىيلارغا ۋە ئىقتىسادى ئىگىلىرىگە موھتاجمىز. چۈنكى تارىختىن بېرى مىللەتلەرنىڭ قۇتۇلۇشى، ھۆرلۈكى، ھەرقانداق تەرەققىيات ۋە ھەرقانداق بىر يېڭىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى پەقەت ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى ۋە ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن. تارىخ گۇۋاھكى، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكلىشى ۋە بايلارنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان بىر مۇددەت ئىچىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق ئۈچ قىتئەدە ئورۇن ئالدى. ئىسلام دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيرىتى، ئۆنى جېنى ۋە مېلى بىلەن قوللىغان كىشىلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن رويابقا چىقتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق ساھابىلەر ئىسلام قوشۇنىنى جابدۇش، قورال- ياراق ھازىرلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆلگە ياراتقان زاتلار بولۇپ، ئۇلار مەردلىكى ۋە سېخىيلىقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇبارەك ناملىرى

[1] نەجم سۈرىسى 39- ئايەت.

تارىخ بەتلىرىگە نەقىش قىلىنغان. بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىمۇ، ئاكا-ئۇكا مۇسا بايېۋلار بىلەن مۇھىتىلار ئائىلىسى خەلقىمىزنىڭ ئىلىم-ئىرپان ئۆگىنىشى، ھۆرلۈككە ۋە ئازادلىققا چىقىشى ئۈچۈن ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە پۇل-مېلىنى ئايىماي سەرپ قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى مەڭگۈلەشتۈردى. ئۆز ۋاقتىدا مۇھىتىلار ئائىلىسى تۇرپان، گۇچۇڭ، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا، مۇسا بايېۋلار ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەرنى ئاچقان ئىدى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ پىداكارلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر مىللەت قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان، بارلىقىنى خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتايدىغان، بۇ يولدا ھەر نەرسىسىدىن كېچەلەيدىغان، مال دۇنياسىنى پىدا قىلالايدىغان، زۆرۈر كەلسە جېنىنى بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغان، پىداكار شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا مۇھتاج.

ئۆلىما ۋە زىيالىيلار

ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرىمىز بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە بىزنى قۇتۇلۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشى شەرت. چۈنكى ئىلىم كەسپىي ئىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كەسپىي ئىلىم ھەربىر ئۆلىما، ھەربىر زىيالىي مۇتەخەسسىس بولغان ساھەنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز ئۆز كەسپىدىن باشقا ئىلىم ساھەلىرىدىمۇ يېتىشىپ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشى زۆرۈر. شۇڭا ئۆلىمالارنىڭ پەننىي ساھەلەردىنمۇ ئاز-تولا خەۋەردار بولۇشى، خەلقىمىزنىمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. زىيالىيلارنىڭمۇ دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇشى، بىلىمگەنلىرىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. چۈنكى ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بىر خەلقنىڭ زىيالىيسى ئۆز خەلقىنىڭ دىنىنى، ئەخلاقىنى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلىشى، خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېتىقادى، ئاشۇ ئەخلاقى ۋە ئاشۇ قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە سۆيۈشى، خەلقىنىڭ ئۆلىماسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك سۆيۈشى، باغرىغا بېسىشى ۋە تامامىي مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىشى لازىم.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئاللاھنىڭ بۇ مىللەتكە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر. چۈنكى ئۇلار ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بىلگەن ۋە

ئۇنى جىنددىنمۇ بەك سۆيگەن كىشىلەردۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك مۇكەممەل ۋەتەنپەرۋەر پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەرزەنتلەرنىڭ زامانىمىزدىكى مۇشۇ كىشىلەردەك بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بىز مەۋجۇت ئۆلىمالىرىمىز بىلەن مەۋجۇت زىيالىيلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

ئىقتىساد ئىگىلىرى

پۇل-مال ھاياتنىڭ ئاساسى، تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇش مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، پۇل-مال بىلەن كىشىلەر ئارزۇ-ئارمانلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ. ئىسلام دىنىمىز كىشىلەرنى يوللۇق ھالدا پۇل تېپىپ باي بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ، نامراتلىقتىن، موھتاجلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئوقۇش، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش، زاكات بېرىش دېگەندەك كۆپلىگەن ئىبادەتلەر ئىقتىسادقا باغلانغان بولۇپ، پۇل بولمىسا مەزكۇر ئىبادەتلەرنى ئورۇندىغلى بولمايدۇ.

قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى خەلقىنىڭ قۇتۇلۇش يوللىرىغا ئىشلىتىشى ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقى ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ، شۇنداق قىلالىغان كىشىلەر تاپقان پۇلنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ تېگىشلىك يەرگە ئىشلەتكەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا پۇل-مېلىنىڭ ھېسابىنى بېرىشىمۇ ئوڭاي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلىم پەن، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە كەشپىياتلار ئەڭ ئاۋۋال ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن سېخىيلەرچە ياردەم قىلىشى سايىسىدا ئۆز مېۋىلىرىنى بېرىپ كەلمەكتە. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادەتلەرگە يېتىشنىڭ يولىدۇر. بۇ ئىلىمنى ئېلىش ۋە بېرىش ئىشلىرى بەزىدە ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بىلىم بىلەن بايلىق بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇل مېلى بىلەن ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بىرەر ئادەمگە بايلىق ئاتا قىلسا ئۇنى ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن؛ يەنە بىرى، ئۇنى سىناش يەنى بۇ بايلىقنى ئۆز يولىدا قوللىنامدۇ ياكى بېخىللىق قىلىپ بىسىپ ياتامدۇ، دەپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇيەقتە: «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار

[1] مۇھەممەد سۈرىسى، 38- ئايەت.

بىر تۈرلۈك سىناقتۇر»[1] دەيدۇ.

ئىككىنچى ئىش

ئىككىنچى ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان، پىداكار ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش زۆرۈر. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بۇرچى ۋە يۈكسەك جاۋابكارلىقىدۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزگە ئۇيغۇر تىلىنى، تارىخىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىش، ۋەتەننى سۆيدۈرۈش، ۋەتەن دەۋاسىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. شەكسىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىمان ۋە قۇرئاندىن قالسا، ئۆگىتىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئۇيغۇر تىلىدۇر. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ يەرشارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئانا تىلىمىزنى ساقلاپ قالغانلىق ھەم مىللىتىمىزنى، ھەم دىنىمىزنى قوغداپ قالغانلىقتۇر.

ۋەتەن دەۋاسى يولىدىكى بۇ سەپەر مۇشەققەتلىك سەپەر بولۇپ، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يىغى-يىغى ئاۋانگارتلارنىڭ چىقىپ تۇرۇشى لازىم. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز ئانا تىلىنى ۋە تارىخىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئانا ۋەتىنىگە نىسبەتەن سېغىنىش ۋە ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش ئوتلىرى ياندۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ئىشنى روياپقا چىقىرىش تەدبىرلىرى

1. ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاشتىن ئىبارەت مىللىي مەنپەئەتنى ئاساسلىق نىشان قىلىشى.

2. ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بىرلىشىشى، بىر-بىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، بۇ يولدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق پائالىيەتلەردە ھەمكارلىششى.

3. ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بىر-بىرىنى توغرا چۈشەنمەسلىك، بىر-بىرىنى قوللىماسلىق دېگەندەك

[1] ئەنفال سۈرىسى: 28 ـ ئايەت.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىدا سۆھبەت ۋە ئۇچرىشىشلارنى ئېلىپ بېرىشى، بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلىپ ئەھۋال سوراش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىكى ھاڭنى يېپىشى.

4. ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېھتىراپ قىلىشى، قوللىشى، بىر ـ بىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى، ئۈتۈقلىرىنى، نەتىجىلىرىنى خەلقىمىز ئارىسىدا يېيىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەۋسىيە قىلىشى.

5. ئۆلىمالار بىلەن زىيالىيلارنىڭ خەلقىمىزنى توغرا پىكىر ۋە توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەشتە بىر يەردىن قول چىقىرىپ ئىش قىلىشى.

6. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە ئۆلىمالارنى، زىيالىيلارنى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى پىداكار كىشىلەرنى مەركەز قىلغان مۇنتىزىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى، پىلانلىق ئىش قىلىشى، ھەرقانداق پائالىيەتكە باللارنى قاتناشتۇرۇشى ۋە ئۇلارغىمۇ تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇش.

7. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردا مەۋجۇت بولغان ئانا تىل مەكتەپ ۋە كۇرسلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئەگەر بولمىسا يېڭىدىن ئېچىپ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە دىن، ئانا تىل، تارىخ ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىشى.

8. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچەكتە ۋەتەن دەۋاسىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە خەلقىمىزنىڭ كۈتكەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەقىقىي ۋەتەنپەرلەردىن قىلىپ چىقىش يولىدا بارلىقىمىزنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

9. ئائىلىدە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش، ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇش ۋە ئۇيغۇرچە فىلىملەرنى باللار بىلەن بىللە كۆرۈش. ئۇلارغا ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇرلارغا خاس قائىدە ـ يوسۇنلارنى ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆپ سۆزلەپ بېرىش.

10. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ۋەتەننى ۋە ئۇيغۇرنى سۆيدۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، بۇ يولدا نېمە كېرەك بولسا شۇنى قىلىش. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى سالماي تۇرۇپ، ئۇلاردىن بۇ يولدا پىداكارلىق كۆرسىتىشنى كۈتكىلى بولمايدۇ.



# قىز - يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان

دوكتۇر ئابدۇكېرىم بەككار
ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى

37 ـ گۈلخان

هەقىقەتكە هۆرمەت قىلىڭلار!

ئىنسانىڭ هۆرمىتى ئۆزى ئىشەنگەن ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغان نەرسىدىن كېلىدۇ. بىز پەخىرلىنىدىغان هەق دىنىمىز بىزنى هەقىقەتنى ياخشى كۆرۈش ۋە هەقىقەتكە هۆرمەت قىلىشقا، شۇنداقلا هەر نەرسىگە هەق، لىللا مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ. «هەق» ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى قاتارىدىن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزمۇ هەق بىلەن ۋە هەقىقەتنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن. بۇ دۇنيامۇ ئاللاھ تائالانىڭ هەقىقىتىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە يارىتىلغان.

ئاڭلىغانلىرىمىز ياكى ئوقۇغانلىرىمىزنىڭ قانچىلىك هەقىقەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بىزنىڭ شۇ هەقىقەتكە ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا بولغان پوزىتسىيەمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىز هەر كۈنى نۇرغۇنلىغان خەۋەرلەرنى ئاڭلايمىز. ئىنتېرنېت ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن ئونلىغان يازمىلارنى ئوقۇيمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ

مەنبەسى نامەلۇم. كۆپىنچە يازارمەنلەر تېخى ساختا ئىسىم ئىشلىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يالغانچىلىققا شېرىك بولۇپ قالماسلىق ۋە ئىشەنچىسىز ئاتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئىشىنىشكە ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار».

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە - دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ - سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»

مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرى بولۇپ، ھەر بىرىمىز بۇلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشىمىز ۋە دەرس چىقىرىشىمىز كېرەك.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز - يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاڭلىغانلىكى نەرسىلەرگە ئىشىنىپ كەتمەستىن، ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ بېقىش ۋە ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىش ئادىتى يېتىلدۈرۈڭلار. ئۆزۈڭلار تازا ئەمىن بولالمىغان خەۋەرلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئىشەنچىسىز خەۋەرلەرنىڭ ئازىيىشىغا ھەسسە قوشقان بولىسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىغانلىكى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىغا يېتەرلىكتۇر».

2. ئۆزۈڭلاردا مەنبە ئېنىقلاش ئادىتى يېتىلدۈرۈڭلار، يەنى بىرەر خەۋەر

ئاڭلىساڭلار، خەۋەر ئەقلىگە ئۇيغۇنمۇ، يەتكۈزگۈچى كىم، ئۇ قانداق ئادەم، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى قانچىلىك؟... دېگەنلەرنى تەكشۈرۈڭلار.

3. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاڭلىغىنىڭلاردىن كۆرگىنىڭلار تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ چىقىدۇ. (بىزدىمۇ «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار.) خەۋەر يەتكۈزۈشتە ئارىدىكى ھالقا قانچە كۆپ بولسا، خەۋەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى شۇنچە تۆۋەن ۋە خاتالىققا شۇنچە يېقىن بولىدۇ.

4. تارىختىن بىرى ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئېغىزاكى يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەر ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. ئادەملەر بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزگەندە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە شەخسىي خاھىشلىرىنى قوشۇۋېتىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنداق بولغانىكەن، سىلەر ئاڭلىغانلىرىڭلارغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ شۇ بويىچە ئىش كۆرمەڭلار.

5. ئاڭلىغان خەۋەرلەر قانچىكى ھەيران قالارلىق ياكى غەلىتە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك. چۈنكى كۆپىنچە غەلىتە ياكى مۇبالىغە قىلىنغان خەۋەرلەر توغرا چىقمايدۇ.

6. بىرەر ئادەمنىڭ گېپى تۈگمەستىن ياكى چاتما ماقالە يېزىۋاتقان بولسا ئەڭ ئاخىرقى چېكىتنى قويماستىن، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قارىتا ھۆكۈم چىقارماڭلار. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ گېپى ياكى يازمىسى تۈگىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالمايسىلەر.

38 ـ گۈلخان

ئىرادىسىزلىك ئەڭ چوڭ دۈشمەن

ئى ياشلار، سىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىڭلارغا توسالغۇ بولىدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭلار نېمە؟! ئۇ بولسىمۇ ـ ئىرادىسىزلىك ۋە خاراكتېر ئاجىزلىقىدۇر. بىر ئادەمنىڭ ئىرادىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ ئىزچىل يۈكسەك پەللىنى كۆزلەپ ئىلگىرىلىگەن ـ ئىلگىرىلىمىگەنلىكىگە، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ھاي بېرەلىگەن ـ بېرەلمىگەنلىكىگە، شۇنداقلا بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىغان ـ قىلالمىغانلىقىغا قاراپ بىلىمىز.

كۆپىنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ياكى نەتىجىسىز ھاياتىغا بىرەر ئادەمنى، يۈز بەرگەن بىرەر كېلىشمەسلىكنى ياكى قىيىن بىر شارائىتنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنچىكىلەپ قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان داڭقانپۇتى سەۋەبلەر بولۇپ چىقىدۇ. مۇسۇلمانلار ئوھۇد جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندا، ئۇلار ھەرخىل سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇنىڭغا جاۋابەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». ئاللاھ ھەققەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»

ئى ياشلار، شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، ھېچكىم سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلارسىز سىلەرنى خاپا قىلالمايدۇ. ئادەمگە ئەڭ كۆپ زىيان سالالايدىغىنى پەقەت ئۆزىدۇر. بىز بۇنى مەلۇم بىر جەمئىيەت ۋە ياكى مەلۇم بىر خەلقنىمۇ تەتبىقلىيالايمىز.

ئىرادىسىزلىكنىڭ ئىپادىلىرىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك غايىسى بولماسلىق

نۇرغۇن ياشلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشقا ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇگۈنى بىلەن كەلگۈسى ئارىسىدا پەرق يارىتالايدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ياشايدۇ. بۇلاردا كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئارزۇ - ئارمان توشاق، كۈتىدىغانلىرى ۋە خىياللىرى چەكسىز، لېكىن ئېنىق نىشانى يوق. يەنە كېلىپ نۇرغۇن ياشلار غايە بىلەن غايىگە يېتىش يولىدىكى ۋاستىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ناۋادا بىزنىڭ ھاياتتا يەتمەكچى بولغان نىشانىمىزنىڭ ئۆڭ - ئىپادىلىرى ئېنىق ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولمىسا، بۇ نىشان بىزنى ھەرىكەتكە، ئۆزىمىزنى بېغىشلاشقا، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئۈندىيەلمەيدۇ. بۈگۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر دەردىنى تارتىۋاتقان بەختسىزلىك ۋە مەنىسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەل مۇشۇ.

2. هۇرۇنلۇق ۋە ھىممەتسىزلىك

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نىشانسىزلىق ھۇرۇنلۇق ۋە ھىممەتسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ. بىر دانىشمەن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئەسلىدە ئاجىز ئەمەس، ئەمما ئۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ھۇرۇن». شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، تىرىشچانلىق ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش، سۆرەلمىلىك ۋە لايىغەزەللىكنىڭ ئادەمنى قەدىرسىزلىككە ۋە قىيىن ئەھۋاللارغا ئاپىرىدىغىنى شەكسىز.

3. قالايمىقانچىلىق

نىشانسىز كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشى قالايمىقانچىلىققا پاتقان بولىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك رىقابەت ۋە پۇرسەتكە تولغان بىر دۇنيادا ئادەم ئۆز نىشانى تەرىپىگە جىددىي ئىلگىرىلىمىگەندە قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىي ئىشلىرىمىزنى ئىدىتلىق رەتلىشىمىز ۋە ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى ياخشى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز بەكمۇ زۆرۈر. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، كىتاب ئوقۇش، ئىش ئورنىمىزغا دەل ۋاقتىدا بېرىش، ئاددىي بولسىمۇ بىرەر خەير - ئېھسان پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش... دېگەندەك كۈندىلىك پائالىيەتلىرىمىزنى مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقساق ۋە شۇ بويىچە ئادا قىلساق تۇرمۇشىمىزنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن ۋە ھاياتىمىزنىڭ مەنىسىزلىكىدىن قۇتۇلالايمىز.

4. سۆرەلمىلىك

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويۇش ئادىتى ھىممەتلىك ۋە غايىلىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. سۆرەلمىلىكنىڭ زىيانلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن قىسسە ۋە ھېكايەتلەر بار. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بەزى كىشىلەر بۈگۈننى ئەتىگە قويۇپ ياشاۋېرىدۇ. سۆرەلمىلىك بىكار - تەلەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. سۆرەلمىلىكنىڭ زىيىنى دەل ۋاقتىدا كۆرۈنمىگەندەك قىلغىنى بىلەن نۇرغۇن پۇرسەت ۋە مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قېلىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. ۋاقىت ھېچكىشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. بۈگۈنكى ئىشنى شۇ كۈنى تۈگىتەلمىگەن ئادەم ئەتىدىكى ئىشتىن تېخىمۇ ئاجىز كېلىدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئىشلار دۆۋىلىنىپ قالغاندا تېخىمۇ تۈگىتەلمەيدۇ.

ئى ياشلار، دائىم ئوتتەك يېنىپ تۇرۇڭلار، قەلبىڭلاردىكى ئىمان نۇرى

ئەتراپىڭلارنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرسۇن. پەرۋەردىگارىڭلارغا تەۋەككۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپ قىلغان ھالدا ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، سۆرەلمىلىكتىن ۋە تۇرمۇشتىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ كېتىڭلار.

39 ـ گۈلخان

ھەر دائىم پۇرسەت ئىزدەڭلار!

بىقىندىن بىرى كىشىلەر پۇرسەت دېگەن سۆزنى بەك كۆپ قوللىنىدىغان بولدى. دېمەك، پۇرسەت ئىزدەۋاتقانلار ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگۈچىلەر كۆپەيدى دېگەن گەپ. ئاللاھ تائالا ھاياتلىقنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى يېڭى ـ يېڭى پۇرسەتلەر ۋە ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارغا دەيدىغىنىم ھاياتلىقتا مەۋجۇت بولىدىكەن پۇرسەت مەۋجۇت. پۇرسەت بەئەينى بېلىققا ئوخشايدۇ. كىچىك، ئەرزان بېلىقلار يېقىنلا يەردە، كىرۋەكلەردە، ئورەكلەردە ياشايدۇ. چوڭ، قىممەتلىك بېلىقلار دولقۇنلۇق دېڭىزلاردا، چوڭقۇر قاتلاملاردا ياشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزگە ئالاھىدە پۇرسەتلەرنى ئىزدەيدىكەنمىز ئۇنى چوقۇم دولقۇنلار ئارىسىدىن، جۇش ئۇرۇۋاتقان، قايناق ـ تاشقىن ھاياتلىق ئىچىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. ناۋادا بىز ئالاھىدە بىر ئادەم بولمايدىكەنمىز، پۇرسەتنىڭ بىزنىڭ ئىشىكىمىزگە ئۆزى كېلىپ قېلىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ياشلار ۋە ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەنلەر ناھايىتى جىددىي ھالدا پۇرسەت ئىزدىشى ۋە پۇرسەت كەلگەندە ئۇنى تۇتالىغۇدەك ئىقتىدار ھازىرلىشى كېرەك.

بىر قىسىم ياشلار ئون ـ يىگىرمە كۈن ئىش ئىزدەپ بېقىپ تاپالمىسىلا، تۈيۇقسىز تەلىيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئىشسىزلىقتىن، ياشاشنىڭ قىيىنلىقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاقشاش ۋە شىكايەت قىلىش بىلەن ھېچقانداق ئىش ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. نۇرغۇن شىركەتلەر سىزدەك ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە ئېھتىياجلىق، نۇرغۇن يېڭى تۈرلەر سىزدەك ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. خادىم قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىڭىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارمىسىڭىز ئۇلار سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى قانداق بايقىيالايدۇ. پۇرسەت سىزنى ئېھتىياجلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقان نۇقتىسىدا ساقلايدۇ. سىز خىزمەتكە ئېھتىياجلىق، ئىدارە ـ ئورگان ياكى شىركەت ـ كارخانىلار خىزمەتچىگە ئېھتىياجلىق. ئەگەر سىز خىزمەت ئىزدەپ ئۆيىڭىزدىن چىقمىسىڭىز خىزمەت پۇرسىتىگە قانداق

ئېرىشەلەيسىز!؟

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. پۇرسەت ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان كىشى تەقۋادارلىق قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ».

ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشىش ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا شۇ كىشىنىڭ رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن مىساللار بار. بەتخۇيلۇق، ئەخلاقسىزلىق، ئۆزۈمچىللىك، مەنمەنچىلىك... قاتارلىق ناچار ئادەت ۋە خۇي ـ مىجەزلەر پۇرسەتكە ئېرىشەلمەسلىككە سەۋەب بولىدۇ.

باشقىلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىش، كۆپلەپ سەدىقە قىلىش... قاتارلىقلار بىراۋنىڭ رىزقىنىڭ مول بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن: «ناۋادا ئېغىر كۈنگە دۇچ كەلسەڭ، چىقىش يولى تاپالمىساڭ، دەرھال ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلغىن. ئاللاھ تائالا قىلغان خەير ـ ئېھساننىڭ ئورنىنى نەچچە ھەسسىلەپ توشقۇزۇپ بېرىدۇ، ئىشلىرىڭ قولايلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىندۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىنى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى خالىسا سىلە ـ رەھىم قىلسۇن».

2. پۇرسەت ھەممە مەۋجۇت ئەمەس بىر نەرسە. پۇرسەت پەقەت لاياقەتلىك كىشىلەرگە ۋە تەييارلىقى بار كىشىلەرگىلا مەۋجۇت. ئەمما ھورۇن، نانقېپى، لايغەزەل، لامزەللە كىشىلەرگە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا بىز ھەر دائىم تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئادەم قانچىكى كۈچلۈك، تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق بولسا، ئۇنىڭغا موھتاج كىشىلەر كۆپ بولىدۇ. قانچىكى ئاجىز، قانچىكى مىشچان بولسا ئۇ باشقىلارغا

موھتاج بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەممە پەندە نەتىجىسى ئەلا بولغان ئوقۇغۇچىغا بارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇچاق ئاچىدۇ، ئەمما يۆلەپ تۇرۇپ ئاران ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋالغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرەلىشى ناتايىن. دېمەك، بىز پۈرسەت ئىزدەۋاتقان بىرى بولساق، دائىم ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن كۈچلەندۈرۈپ، تەييار ھالەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك.

3. ناۋادا بىزگە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئۇچرىماي قالسا، ئۆيدە بىكار ئولتۇرغاندىن كۆرە بىكارغا بولسىمۇ ئىشلىگىنىمىز تۈزۈك. ئىشلەش جەريانىدا ھېچ بولمىسا ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنى نامايان قىلىمىز، ئىش ساھەبلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىمىز بولىدۇ، ئۆزىمىزگە تەجرىبە توپلىۋالالايمىز.

4. ئۆزىمىزدە تەۋرەنگىلى بولمايدىغان بىرەر ئالاھىدىلىك ياكى ئىقتىدارنى ھازىرلاپ قويۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: بىرەر چەتئەل تىلى ئۆگىنىپ قويۇش، كومپيۇتېر پروگراممىلىرىدىن بىرەرنى ئۆگىنىپ قويۇش ياكى كەسپىي ساھەدە بىر ھۈنەر - ماھارەت ئىگەللەش... دېگەندەك.

5. ئۆزىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرگەندەك، ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك سۆز قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

6. يېقىندىن جەمئىيەتكە چىققان يىللاردا ئىش تاپالمىساق بۇ ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئىشسىزلىق مەسىلىسى پۈتۈن دۇنيادا باش ئاغرىقى بولۇۋاتقان مەسىلە. ئەمما ئۇدا بىر قانچە يىللاپ ئىش تاپالماسلىق بۇ دەل ئۆزىمىزدىكى مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.

40 ـ گۈلخان

قانچىلىك جاپا تارتساڭلار شۇنچىلىك ئۆگىنەلەيسىلەر

بۈگۈنكى دەۋر ئېھتىياج ۋە پۇرسەت دەۋرى، شۇنداقلا رىقابەتكە تولغان بىر دەۋر. قانچىلىك تىرىشساق شۇنچىلىك پۇرسەتكە ئېرىشىش بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ دەۋردە بىكارلىق ھېچنەرسە يوق. بىز شەرىپىمىز، ئىززىتىمىز بىلەن تەشەببۇسكار ئورۇندا ياشايمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز، جاپاغا چىدىشىمىز، دىققىتىمىزنى

غايىمىزگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇلار نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم تۆلىمىسەك بولمايدىغان بەدەللەر.

بۇرۇنلاردا ۋاقىت كەڭرىچىلىك ئىدى، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا نەچچە ئون يىللاپ ۋاقىت سەرپ قىلسىڭىز ھېچ مەسىلە يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىر ئادەم قانچىكى كۆپ نەرسە يادقا ئالسا، شۇنچە ئالىم ھېسابلىناتتى ۋە ئۇنىڭ ئاۋام ـ خەلقتە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتى شۇنچە ئاشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چاغلاردا ئاتلاش، يادقا ئېلىش ۋە كىتاب تەكرارلاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىجتىھادى ھېسابلىناتتى. ئەمما بۈگۈن ئىشلار تامامەن ئۆزگەردى. ئەمدىلىكتە مەكتەپلەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا دەپ پۇتتۇنلەي باسقۇچلارغا ئايرىلدى. ھەربىر باسقۇچتا چوقۇم ئۆگىنىپ بولۇش كېرەك بولغان بىلىملەر كاتېگورىيەلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنگە ئۆتمۈشنىڭ كۆزى بىلەن قاراشقا بولمايدۇ. ياشلار مەكتەپتىكى دەرسلەردىن سىرت قۇرئان يادلاش، ھەدىس يادلاش، ئىسلام تارىخى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخلىرىنى ئۆگىنىش... قاتارلىق ھەر بىر مۇسۇلمانغا زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئىگىلەش؛ ئاندىن مۇھىم شېئىر، قىسسە ۋە ھېكايەتلەرنى، ھېكمەتلەرنى، شۇنداقلا مەسەللەرنى يادلاش... دېگەندەك قوشۇمچە ئىقتىدار ھازىرلاشنى مەكتەپنىڭ ھەر بىر باسقۇچلىرىدا ئۆزىمىزگە مۇناسىپ ياشتا جايىدا تاماملاپ بولۇشىمىز كېرەك. مانا بۇلار بىزگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان ۋە ئەسقاتىدىغان بايلىقلاردۇر. ئوقۇش دەۋرىنىڭ ھېچبىر باسقۇچنى باشقا ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، بولمىسا كېيىن ئورنىنى تولۇقلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ھەر بىر باسقۇچتا شۇ باسقۇچقا خاس ۋاستە ۋە ئۇسلۇبلار بىلەن بەلگىلەنگەن دەرسلەرنى تولۇق ئىگەللەپ مېڭىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ يەردە مۇنداق رەھمىسىز بىر رېئاللىق بار «قانچىكى كۆپ ئىجتىھات قىلسىڭىز - شۇنچە كۆپ ئۆگىنەلەيسىز، شۇنچىلىك مەنپەئەتلىك ۋە قەدىرلىك ئادەم بولىسىز».

تۆۋەندە ئوقۇغۇچى ياشلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە نۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەن:

1. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر بىر سۆزىنى چوقۇم تەگلەپ چۈشىنىشكە تىرىشىڭلار. پايدىلىق ۋە مۇھىم دەپ قارىغان ھەر بىر جۈملىنى خاتىرىلەپ مېڭىڭلار.

2. سىنىپتا ئۇلتۇرغاندا جۇشقۇن، ئاكتىپ كەيپىياتتا ئۇلتۇرۇشلار، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىلەرگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

3. مائارىپتا زەكىيلىكتىن بەكرەك ئاكتىپلىق مۇھىم. ئوقۇغۇچى قانچىكى ئاكتىپ بولغانسېرى شۇنچە كۆپ ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر بىر گېپىنى زەن سېلىش ئاڭلاش ۋە چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى دادىللىق بىلەن سوراش، مۇھاكىمە قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا تالىشىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىش... قاتارلىقلار ئاكتىپلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

4. مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىش، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى سىزىۋېلىپ، شۇ كۈنىلا ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك.

5. بېرىلگەن تاپشۇرۇق ۋە مەشىقلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەش. تاپشۇرۇق ۋە مەشىققە كۆڭۈل بۆلگەن ئوقۇغۇچى تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. چۈنكى، تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە مەشىق ئىشلەش ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

6. كىچىكىڭلاردىنلا يېزىقچىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ قويغىنىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى يېزىقچىلىققا كۆندۈرگىنىڭلار ياخشى. ئوقۇغۇچى دېگەنلىك مەلۇم مەنىدىن كىچىك تەتقىقاتچى دېگەنلىكتۇر. ئوقۇغۇچى ۋاقىتلىرىدا ئاددىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ياكى مىكرو ھېكايىلەرنى يېزىشقا ئادەتلىنىش بەلكىم كېيىنچە سىلەرنىڭ بۈيۈك يازغۇچى، مۇئەللىپ بولۇپ قېلىشىڭلارغا ئۇل ھازىرلىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كىچىكلىكتىكى ئىزچىللىق ۋە ئەتراپلىق ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئۆزۈڭلارنى بايقاشقا ۋە شەخسىي ئالاھىدىلىكلىرىڭلارنى چۈشىنىشكە تولىمۇ پايدىلىق.

7. تېز كىتاب ئوقۇشنى ۋە دىققەتلىرىڭلارنى مەزمۇنغا مەركەزلەشتۈرۈشنى، شۇنداقلا كىتابنىڭ جەۋھىرىنى سۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە مەنپەئەتلىنىشنى ئۆگىنىڭلار.

8. مەكتەپلەردە بېكىتىلگەن دەرسلەرنى تېخىمۇ كەڭ نۇقتىدىن ئەتراپلىق چۈشىنىشكە تىرىشىڭلار. دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى ۋە مەنبەسى ھەققىدە كۆپ

ئىزدىنىشلار ۋە ئۆزۈشلار تاللىغان ساھەنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى چۈشىنىۋېلىشلار. ساھەنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى چۈشىنىش ئارقىلىق بىز شۇ ساھەنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز، بۇنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولىدۇ.

9. بۈگۈنكى دەۋر ئىلىملەر ئىنچىكە تۈرلەرگە ئايرىلغان ۋە ئېنىق چېگرالىرى بېكىتىلگەن بىر دەۋر. ئۇنداق بولغانىكەن، بىز مەلۇم ساھەنىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە كەسپىيلىشىشىمىز كېرەك. ناۋادا كەسپىيلىشىشكە قاراپ ماڭمىساق، ھەممە ساھەنى ئانچە - مۇنچە چۈشەنگىنىمىز بىلەن، ئەمما ھېچ ساھەدە مەنبە بولالايدىغان بىر مۇتەخەسسىسكە ئايلىنالمايمىز. ناۋادا بىزدە ئىرادە ۋە سارائلارچە ئۆگىنىش روھىلا بولىدىكەن، مۇتەخەسسىسلىشىش دېگەن ھەرگىز يەتكىلى بولمايدىغان پەللە ئەمەس.

10. ھازىر ئىنتېرنېتتا مەلۇماتلار ۋە ئۇچۇرلار تولۇپ تۇرۇپتۇ. كاللىمىزغا كەلگەن ھەر مەسىلىنى ئىنتېرنېتقا كىرگۈزسەكلا نۇرغۇن ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ئۇچۇرلارنى قانداق رەتلەش ۋە ئۇلارنى ھاياتىمىزنىڭ، ئەخلاقىمىزنىڭ ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئالدىمىزغا قويۇلغان چوڭ بىر مەسىلە. بۇ بىزدىن ئاڭ، ئىدراك ۋە سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ.

11. ئەھلى ئىلىملەر، پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە ئىلغار پىكىر ساھىبلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم بۇلاقلىرىدىن ئۇتلاپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن دەرس ئېلىش كېرەك. قەيەردە بىر يېڭى، توغرا پىكىر ۋە مەلۇماتقا ئېرىشسەك خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدىكى تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلىپ بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇنىسى راست، چۈنكى يۈكسەك چوققىلارغا ئۆرلەش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ھەرگىزمۇ راۋان، گۈل - گۈلىستانلىق يول ئەمەس. لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدىكى جاپا - مۇشەققەتلەر ھۇرۇنلۇق، لايغەزەللىك سەۋەبىدىن كېلىدىغان خارلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس.



# كورلا دىيارىدا پارلىغان يۇلتۇز ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجىم

ئەبۇبەكرى مۇھەممەد



ئۆلىمالىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بىرى مىللىتىمىزنىڭ دىنىنى قوغداش، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مىننەتسىز خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، سىياسىي بېسىم تۈپەيلى كۆپىنچە مەخپىي شەكىلدە خىزمەت قىلىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇپ، ئىس ـ بۇسسىز ھالدا تارىخ بەتلىرىدىن ئۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇستازلىرىمىزنى تارىخ بەتلىرىدە جۇلالاندۇرۇش، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ۋە دۇئالىرىدا ئۇلارنى جانلاندۇرۇش ئۇلار ھەققىدە مەلۇماتى بولغان كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

ئۇستازىمىز ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم دىيارىمىزدىكى كاتتا ئۆلىمالاردىن بولۇپ، مۇدەررىس، خەتتات، شائىر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ، ئېتىقادىنى ساغلاملاشتۇرۇشتەك ئىسلاھات ئىشلىرىغا ئاتىغان. ئۇ كورلىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ھىدايەتۇللاھ داموللاھاجىم، ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللاھاجىم، ئىسمائىل داموللاھاجىم، ئۇبەيدۇللاھ داموللاھاجىم، ياسىن داموللاھاجىم، بارات داموللاھاجىم، ئەخمەت داموللاھاجىم، ئابدۇلھەمىد مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدىغان يۇلتۇز كەبىي ئۆلىمالاردىن بىرى ئىدى.

ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «داموللا ھاجىمنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرەت ئېڭى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، بۇ، ھەر بىر ئېغىز گېپىدە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇستازىمىز ئەينى دەۋردىكى دىن دۈشمەنلىرى بىلەن چەك ـ چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، يىغىنلاردا بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي سورۇنلاردا بولسۇن، ئۆز ئەقىدىسىنى، پىكرىنى روشەن بايان قىلىشتا قەتئىي ئىككىلەنمىگەن، قورقۇپ قالمىغان، ئەكسىچە دىن دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇپ ياشىيالىغان ھەقىقىي ئەركەك ئىدى».

ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم 1932 ـ يىلى كورلىنىڭ «قاراياغاچ» يېزىسىدا تەقۋادار، ئەھلى ئىلىم ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى ئابدۇلكەرىم ھاجىم شۇ يۇرتتىكى مەسجىدنىڭ ئىمامى ئىدى. شۇڭا ئابدۇغوپۇر داموللام بالىلىق دەۋرىدىلا، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا دەسلەپكى ئىلمىي ئاساسىنى يېتىلدۈرگەندىن كېيىن، تۇرپانغا بېرىپ «باغرى مەدرىسى»سىدە ئەسەدۇللاھ داموللام، ئابدۇلھەمىد مەۋلىۋى، ئىسھاق ھاجى خەلپىتىمدە، ئاندىن توخسۇندىكى ئابدۇلخەبىر ھاجىمدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. داموللام بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئەنە شۇ مۇھتەرەم ئۇستازلارنىڭ تەربىيەسىدە، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئەينى دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستازلارنىڭ ھەممىدىن ئىلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن پىكرى ئوچۇق، بىلىمى مول، مۇتەئەسسىپلىكتىن خالىي ئەھلى سۈننەت ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

كوممۇنىستلار ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم «تۆۋەنكى دەرۋازا» دېگەن يەردە بىر مەزگىل بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. داموللاھاجىم بۇ ۋاقىتتىمۇ ئىش ئورنىدىكى مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مەخپىي ھالدا كىتاب يېزىش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قارا تۇمانلىرى بېسىلىپ، ۋەزىيەت بىرئاز ياخشىلانغاندا، ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم خەلقىمىزنىڭ دىنىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن داۋاملىق ئىزدىنىش، ئىلىم ـ تەھسىل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە 1982 ـ يىلى ئۇستازى ھىدايەتۇللاھ داموللاھاجىمدا قايتىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى قايتىدىن باشلىغان. داموللام بۇ جەريانىدا مەدرىستىكى 200 گە يېقىن تالىبۇل ئىلمنىڭ دەرسىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم 1984 ـ يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئىككى ھەرەمگە باردۇ ۋە ئىسلام دۇنياسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ، ئۇ

يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چوڭقۇر پىكىرلىشىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردىكى ۋەتەنسىزلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلغان داموللام مىللەت بىلەن ۋەتەننىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يېتىپ، مىللەت ۋە دىن ئۈچۈن تېخىمۇ بەك كۆچ چىقىرىش ئىرادىسى بىلەن قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ بەك تىرىشچانلىق بىلەن ئادا قىلىشقا بەل باغلايدۇ.

ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم 1987 ـ 1988 يىللاردا كورلا چوڭ مەسچىتى سېلىنغاندا ھىدايەتۇللا داموللاھاجىمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن مەسجىدنىڭ ئىمام ـ خاتىبلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن مۇدەررىسلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جامائەتنىڭ دىنىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇستازى ھىدايەتۇللاھ داموللاھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇستازىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە، ئۇستازى ئېلىپ بارغان دىنىي خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئۇستازىنىڭ مەدرىسىسىدە باش مۇدەررىس بولۇپ دەرس ئۆتىدۇ. شۇنداقلا كورلىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگە بېرىپ دەۋەت قىلىپ، دىنىي ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ، نەچچە يۈزلىگەن تالىب قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.

داموللاھاجىم ئېغىزاكى دەۋەت ۋە دەرس ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ قەلەم جەھەتتىكى تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، «مۇختەسەر سەھىھۇلبۇخارى»نى تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. شۇنداقلا ھىدايەتۇللا داموللاھاجىم تەييارلىغان «فەزائىلۇل قۇرئان» ناملىق كىتابىنى قايتىدىن يېزىپ چىققان. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋاقتىدىن باشلاپ خەتتاتلىققا ئىشتىياق باغلىغان ۋە شۇ دەۋردىكى مەشھۇر خەتتاتلاردىن خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى، شۇنداقلا سەلەف ـ سالىھلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ناھايىتى گۈزەل ئۇسلۇبتا يازاتتى. داموللام يەنە كۆپلىگەن شېئىرلارنىمۇ يازغان. مەڭ ئەپسۇسكى، سىياسىي بېسىم، خىتاي زۇلۇمى تۈپەيلى، ئۇستازىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. ئەسەرلىرى سىياسىي مالىمانچىلىقتا غايىب بولدى.

ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، رېئاللىقنى چۈشەنگەن بىر ئالىم بولۇپ، مەسجىدتە ئىماملىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خىتاي تەرەپتىن بېرىلگەن مائاشلارنى قەتئىي ئىشلەتمىگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى داموللامنىڭ خەلق قەلبىدىكى يۈكسەك ئورنىنى بىلگەچكە، داموللامدىن پايدىلىنىپ، بەزى سىياسىي غەرەزلىرىگە يەتمەكچى بولىدۇ ۋە داموللامغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم قىلىش ۋە يەنە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە مايىل قىلماقچى بولىدۇ. ھەتتا بەزىدە بەرگەن مائاشلىرىنى پەش قىلىپ، داموللامنى خىتاي تەشۋىقاتچىسىغا ئايلاندۇرۇۋالماقچى بولغاندا، داموللام خىتاي

بەرگەن ماڭاشلارنى ھەر ئايلىقنى ئۆز پېتى بوييچە خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، «مەن بىر تىيىنمۇ خەجلىمىدىم، ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دەپ ئۇلارغا تېگىشلىك دەككىسىنى بەرگەن. خىتاي ھاكىمىيىتى داموللاھاجىمغا بىر ماشىنا ئاجرىتىپ بەرگەندە ماشىنىنى قوبۇل قىلمىغان، ماشىنا داموللامنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. «يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ» دېگەندەك داموللام خىتاينىڭ ماڭاش ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرىنىڭ مەقسەتسىز بېرىلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە ئۇنى ئىشلەتمەي، ئۆزىنى پاك تۇتقان ئىدى.

داموللاھاجىم ياشىغان مەزگىل گەرچە ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا ئەڭ قاباھەتلىك كۈنلەر كەلگەن، ئېغىر كۈنلەرگە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر ئۆمۈر ئىسلام ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ خىزمەت قىلىشتىن يالتىيىپ قالمىغان. داموللا ھاجىم ھاياتىنىڭ ئاخىردا خىتاي تەرىپىدىن تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ، 2018~2019 يىللىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. (ئاللاھ ئۇنى پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەر ۋە سىددىقلار بىلەن بىر ئورۇندا ھەشر قىلسۇن، ئامىن)

ئابدۇغۇپۇر داموللاھاجىم دوست-دۈشمەن چۈشەنچىسى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان، غورۇرلۇق، مىللەت سۆيگۈسى كۈچلۈك رەببانى ئالىم ئىدى. ئۇ خىتاينىڭ دىنىمىزغا قارشى سىياسەتلىرىگە بار ئىمكانىي بىلەن قارشى تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كەسكىن مەيدانى پۈتۈن كورلا خەلقىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىغان.

بىز تۆۋەندە داموللا ھاجىمنىڭ كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز مەيدانىدىن بىر قانچە ئۆرنەك بېرىپ ئۆتىمىز:

1. خىتايلار كورلىدا جەسەتلەرنى ئىسلامىي شەكىلدە دەپنە قىلماي كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، يېڭى قەبرىستانلىق ئېچىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، داموللام بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدارغا: «سىلى ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ باشلاپ بەرسىلە، ئاندىن بىز سىلىنى ئۆلگە قىلىپ شۇنداق قىلايلى» دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن رەددىيە بەرگەن ۋە خەلقنىڭ ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان ئېتىرازىنى ئوچۇق ئىپادە ئەتكەن. بۇنى ئاڭلىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ سىياسەتنى بىكار قىلىپ، قەبرىستانلىق ئېچىشقا رۇخسەت بەرگەن.

2. سىياسىي كېڭەش داموللاھاجىمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئېتىبارىدىن پايدىلىنىپ ساقال قويۇش، يۈزىنى يېپىشتەك ئىسلامىي ئەمەللەرنى چەكلىمەكچى بولۇپ، داموللامنىڭ بۇ ھەقتە سۆز قىلىشىنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان ۋە ئىقتىسادىي

ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلغان، شۇنداقلا بېسىم ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن. ئەمما داموللام: «شەرىئەتتە پەقەت قۇللارنىلا زورلاشقا بولىدۇ، ئەگەر سىلەر ساقال قويغان، يۈزىنى ياپقان مۇسۇلمانلارنى «قۇل» دەپ ئېلان قىلساڭلار، قالغان تەشۋىقاتقا مەن ئىگە بولاي» دەپ ئوقۇغان ئىلمىنى ناھايىتى ھېكمەت بىلەن ئىشلىتىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئېغىزىنى پېچەتلەپ قويغان. چۈنكى شەرىئەتتە دېدەكلەر بېشى ئوچۇق يۈرسە بولاتتى.

3. داموللام خىتاي ھۆكۈمىتىگە خۇشامەت قىلىشتىن ئۆزىنى ئۇزاق تۇتقان بولۇپ، ئۇلارغا خۇشامەت قىلغانلارغا قاتتىق غەزەپلىنەتتى. خىتاي ئەمەلدارلىرى مەسجىدلەرگە زىيارەتكە كەلسە، مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ، قاپىقىنى ئاچماستىن، ئۇلارغا نارازىلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەلۇم بىر كۈنى مەسجىدتە بىر ئىمامنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرى ئالدىدا، خۇشامەتچىلەردەك بەزى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، «سەن دىنىدا يوق بىر ئىشنى قىلدىڭ، سەن ئۆزۈڭنى ئىسلاھ قىلمىغۇچە ئارقاڭدا ناماز ئوقۇمايمەن» دەپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بەرگەن ئىدى.

4. داموللام ناھايىتى سۆزمەن، ھازىر جاۋاب زات ئىدى. يۇرت ئەمەلدارلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئەمەلدارلارنى ئۇستىلىق بىلەن خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا زورلايتتى. بىر كۈنى داموللام بىر ئەمەلدار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئەمەلدار «داموللام ئۇنى ئالسىلا، بۇنى ئالسىلا» دەپ داموللامغا ساھىپخانلىق قىلغىلى تۇرىدۇ، داموللام پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ: «ئۆزلىرى بىلىلا! ‹داموللام› دېگەن خەلققە دىن ئۆگەتكۈچى، يېتەكچى دېگەنلىك بولىدۇ، ئەگەر ئاشكارا دىن ئۆگىتىشكە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرمىسىلە، مېنى ‹داموللام› دەپ ئاتىمىسىلا» دەيدۇ، شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىماملارغا بەلگىلىك ساندا بالا ئوقۇتۇشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

5. داموللام خەلقنىڭ تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەلۇم بىر كۈنى قۇشخانىلاردا ھاراقكەش، تاماكا چېكىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشلەيدىغانلىقى ۋە ئۇلار سويغان گۆشلەر ھەققىدە خەلقنىڭ شىكايەتلىرى داموللامغا كېلىدۇ. داموللام ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىسلامغا ئۇيغۇن كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت باھانە كۆرسىتىپ تەكلىپنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داموللام: «ئەمىسە، مەن جۈمە خۇتبىسىدا قۇشخاندا سويۇلغان گۆشلەر ‹ھارام› دەپ ئېلان قىلىمەن» دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان دىيانەتلىك قاسساپلارنى قۇشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.



مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور)

# مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ــــ ئەستە ساقلاش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى



مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان، جىددىي ھەم خەتەرلىك كېسەللىكلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كۆپىنچە كىشىلەر مېڭە ساغلاملىقىغا ئۆز ۋاقتىدا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، سەل قاراپ، مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇپ ياكى زەخىملىنىپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغاندا ئۆز ۋاقتىدا مېڭە ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىگە مىڭ پۇشايمان قىلىدۇيۇ، ۋاقتىنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقتىن پۇشايمىنىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىدۇ.

مېڭە ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ ئالىي قوماندانلىق شتاتى بولۇپ، پۈتۈن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىلەن ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىغا قوماندانلىق قىلىدۇ.

مېڭە باش بوشلۇقى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، چوڭ مېڭە، كىچىك مېڭە ۋە مېڭە غولىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چوڭ مېڭە پوستلىلقىغا تەخمىنەن 14 مىليارد نېرۋا ھۈجەيرىسى توپلانغان، ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەركەزدىن ئىبارەت. كىچىك مېڭىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەسى بولسا ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش، بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى توغرا ساقلاشتىن ئىبارەت، مېڭە غولى بەدەندىكى «ھاياتلىق مەركىزى» بولۇپ، بەدەننىڭ ئاساسىي ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى تەڭشەيدىغان مەركەزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن: يۈرەك قان تومۇر ھەرىكەت مەركىزى، نەپەس مەركىزى قاتارلىقلار . مۇبادا مېڭە غولى زەخىملەنسە، دائىم يۈرەك ھەرىكىتى، نەپەس ۋە قان ئايلىنىش توختاپ ئادەم دەرھال ئۆلىدۇ .نورمال بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1300 ـ 1500 گىرام ئەتراپىدا بولۇپ،پۈتۈن بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئاران 2 ـ 3 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ، لېكىن مېڭىنىڭ قان ۋە ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجى پۈتۈن بەدەندە ئېقىۋاتقان قان ۋە ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مېڭىنىڭ ئۇزۇقلۇق سەرپىياتىمۇ پۈتۈن بەدەن ئۇزۇقلۇق سەرپىياتىدىن ئوخشاشلا يۇقىرى بولىدۇ،

مېڭە توقۇلمىسىدا بەكمۇ ئاز مىقداردا ئاقسىل ۋە ماي بولىدۇ . گلۇكوگېن ساقلانمايدۇ، شۇڭلاشقا مېڭە توقۇلمىسىنىڭ فۇنكسىيەسى پۈتۈنلەي قان ئارقىلىق توختاۋسىز تەمىنلىنىپ تۇرىدىغان ئوكسىگېن ۋەھەرخىل ئۇزۇقلۇقلارغا تايىنىدۇ . مۇبادا مېڭە ساغلاملىقىغەتەسىر يېتىپ، مېڭە قان ئېقىم مىقدارى قىسمەن ئازىيىپ كەتسە ياكى پۈتۈنلەي يوقالسا، مېڭىگە قان، ئۇزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن مېڭە قۇرۇلمىسى زەخىملىنىپ، مىڭە ئارتېرىيەسى تارىيىپ ياكى توسۇلۇپ، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، تەپەككۇرقۇۋۋىتى ئاجىزلاش نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش، بىرەر ئىشلارغا قارىتا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە قارىتا توغرا ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە نۇرمالسىزلىقلار كۆرۈلۈپ، خىزمەت ـ ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى:

1. ئۇزۇن مۇددەت ئەمگەك ۋە ھەرىكەت قىلماسلىق، گۆش، ياغ، ھەرخىل مايلىق، قىيملىق تاماقلارنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىش، تاماقنى يەپلا يېتىۋېلىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، راھەت پەرەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، قان قويۇلۇش يۈز بېرىدۇ ـ دە، ئاسانلا مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىدە باش ساھەسى قىزىق بىلىنىش، يۈزى ۋە كۆزىنىڭ ئىچى قىزىرىش، تومۇرى ناھايىتى تۇوم قاتتىق سوقۇش، كۆپ ئەسنەش، بەزىلەرنىڭ كالپۇك، گال، ئېغىز ۋە چىش مىلىكلىرىگە قاپارتقۇ (قوقاقلار) چىقىش، گېلى

ئاغرىش، ئاۋازى بۇزۇلۇش، سۈيدۈكى قىزغۇچ كېلىش، ئۇسسۇزلۇقى زىيادە بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بۇخىل مىڭە قان تومۇر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇۋۋەتلىك، مايلىق، قىيملىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش، قاننى سۇيۇلتۇپ، نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەركۈنى 5 ـ 10 قېتىم ھەر قېتىمدا 1 ـ 3 مىنۇت مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇش، بەك ياغلىق تاماقلار، ھايۋان مايلىرى ياكى ھايۋان مايلىرىدا ياسالغان يېمەكلىكلەردىن، بۇلۇپمۇ قىيملىق تاماقلاردىن چەكلەش، تامىقىغا قاندىكى مايلارنى تۆۋەنلىتىدىغان، قاننىڭ ھارارىتىنى تەڭشەيدىغان تاماقلارغا كۆك تۇرۇپ، ئوسۇك، تەرخەمەك، يۇمغاقسۈت، ئەينۇلا، چىلان، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلارنى قوشۇپ بېرىش. ئۇسسۇلىقىغا دوغاپ، لىمون سۈيى، تاۋۇز سۈيى ئاپېلسىن سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچىپ تۇرۇش، ئەينۇلا، چىلان، كىشمىش ئۈزۈم، ئاچچىق ئۆرۈك قېقى، جىگدە، شاپتۇل قېقى، ئالقات، قارا ئۆرۈك، ئارپابەدىيان، قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر قايناق سۇغا تۆت سائەت چىلاپ سۈيىنى ھەر كۈنى ئۇسسۇلۇق ئورنىغا ئىچىپ بەرسە قاندىكى مايىنى تۆۋەنلىتىپ، جىگەرنى ماي قاپلاش، قان قويۇقلۇق، قان قويۇقلۇقتىن بولغان يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، قاننىڭ يېپىشقاقلىقى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان قەۋزىيەت قاتارلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە، ئۇزاق ۋاقىت ئاپتاپتا قېلىش، ئۇزاق يول يۈرۈش، بەك ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا چايلارنى كۆپ ئىچىش، ئۇزۇن ۋاقىت ئۇيقۇسىز قېلىش، كۆپ يېيىش، بەك ئۇزۇن دەم ئالماي ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، بەك جاپالىق ئىشلارنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەش، ھاراق شاراپ ۋە قېنىق دەملەنگەن چاي، قەھۋە ھەم زىيادە ئىسسىق تەبىئەتلىك ھەرخىل دورىلارنى كۆپ ئىچىش، تەبىئىتى زىيادە ئىسسىق يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن ئات گۆشى، كەپتەر گۆشى، بوغا گۆشى، كىيىك گۆشى، ئۆردەك گۆشى، قىرغاۋۇل گۆشى، غازگۆشى، ۋە ئۇلاردىن ياسالغان ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن مۇددەت كۆپ ئىستېمال قىلغاندا بەدەندىكى قۇرۇق ئىسسىق كەيپىيات ئېشىپ كەتسە بەدەندە ئۆتكۈر تىپتىكى سەپرا خىلتى ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ موسكۇل توقۇلمىلارنى غىدىقلاش تەسىرىمۇ ماس ھالدا كۈچىيىپ، قان تومۇر مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇخىل سەپرا خىلتىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلاش، زەخىملەش تەسىرى نەتىجىسىدە قان تومۇر ئىچكى پەردىسى زەخىملىنىپ، قان تومۇر ياللۇغىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق مىڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى

پەيدا قىلىدۇ . بۇخىل كېسەللىكتە باش ئاغرىقى بولۇپ، باش سانجىلىپ، زىڭىلداپ ئاغرىش، چىرايى سازغۇچ، بەدىنى ئۇرۇق، ئاغزى ئاچچىق، ئۇسسۇزلۇق كۆپ، ئۈيقۇسى ئاز، ئىغىز - بۇرنى قۇرۇق بولۇش، ئولتۇرۇپ قوپۇشى تېز، ھەرىكىتى قالايمىقان، روھىي ھالىتى تۇراقسىز سۈيدۈكى قىزىلغا مايىل سارغۇچ كېلىش، تىلىنى سېرىق گەز باغلاش، تومۇرى ئىنتىك ئىنچىكە كۈچلۈك سوقۇش، سوغۇق نەرسىلەر بىلەن راھەتلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرىلىدۇ .

بۇخىل مىڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سەپرا خىلتىنى تەڭشەپ، نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يېمەك ئىچمەكلەردىن ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىزقىلىش، غىزاسىغا سەپرا خىلتىنى تەڭشەپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى يېمەكلىكلەردىن پالەك، ئوسۇڭ، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى، يېسىۋىلەك، سەۋزە، چامغۇر، پەمدور، كۈدەقاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلانغان شوۋىگۈرۈچ، ئۈگرە، شۆيلە، سۈيقئاش قاتارلىق تاماقلىقلارنى بېرىش، غەم - ئەندىشە قىلماسلىق، ۋاقتىدا تاماق يېيىش، ۋاقتىدا ئۇخلاش، بەك جاپالىق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئېغىر ئەمگەك قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم .

3 . ئۇزۇن مۇددەت سوغۇق، زەيلىك ئورۇندا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش، تاماق يېگەندىن كېيىنلا مۇنچىغا كىرىش، مۇنچىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش، ھەرىكەت قىلماسلىق، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، كۆپ ئۇخلاش، كۆپ دەم ئېلىپ بىكار يۈرۈش، بەدەننى سوۋۇتقۇچى مېۋە - چېۋىلەردىن لىمون، ئاپېلسىن، قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل، ئەينۇلە، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، گازلىق سوغۇق ئىچىملىكلەر، لىمون، ئاپېلسىن قاتارلىق تەبىئىي ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئېچىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەندىكى ھۆل سوغۇق كەيپىيات كۆپىيىپ كېتىش تۈپەيلىدىن، بەلغەم خىلتى تەركىبىگە سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇخىل بەلغەم خىلتىنىڭ چۆكمىگە چۈشۈش ۋە قان تومۇر ئىچىدە ئۇيۇلمىلارنى ھاسىل قىلىش، قاننىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىش ئالاھىدىلىكى بولغاچقا قاننىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئاشۇرىۋېتىپ، قان ئايلىنىشىنى ئاستىلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە، قان سۈيۇقلۇقىنىڭ قان تومۇر دىۋارى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئېقىش سۈرئىتى ئاستىلاشقان قان ئېقىمى قان تومۇرلىرىدا نوكچىكلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ - دە، مىڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ خىل مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە باش قۇم تىققاندەك چېڭقىلىپ ئاغرىش، باش قېيىش، پۇت قول مۇسكۇللىرى پەيلىرى بوشاپ كېتىش، پۇت ۋە كۆز قاپاقلىرىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، ئۇيقۇ كۆپ، بەدەن ئېغىر ۋە ماغدۇرسىزلىق كۆرۈلۈپ، روھىي جەھەتتىن خامۇشلۇق شەكىللىنىدۇ، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقماس بولۇپ قېلىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كېتىش، تەپەككۇرى ئاجىزلاش، سوغۇق ھاۋا ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكەرنى كۆڭلى ئانچە خالىماسلىق، بۇرنىدىن پوتلا ئېغىزىدىن شال كۆپ ئېقىش، ئىسسىق ھاۋا، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن راھەتلىنىش، سۈيدۈكى ئاقۇش، تومۇرى توم ئاستا كۈچسىز سوقۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ .

بۇخىل مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆل سوغۇق كەيپىياتنى تەڭشەپ، نورماللاشتۇرغۇچى قان ئايلىنىشنى جانلاندۇرۇپ، بەدەننى قىزىتىدىغان قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن قوي گۆشى، مۇزاي گۆشى، تاي گۆشى، تايلاق گۆشى ۋە ھەرخىل قۇش گۆشلىرى قاتارلىقلارنى سەۋزە، سامساق، خام زەنجىۋىل، پىياز، كۇدە قاتارلىقلار بىلەن تاماق تەييارلاپ يېيىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

يەنە ياڭاق مېغىزى، ئاي مېغىزى (مۇقاتىل مېغىزى)، پىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا03 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، مەنى كۆپەيتىش، ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جىنسىي قۇۋۋەتنى قوزغاش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىش، ئاز ئۇخلاپ، يېتەرلىك ھەرىكەت قىلىش لازىم.

4. ئۇزۇن مۇددەت قۇرۇق سوغۇق بەك قۇرغاق رايونلاردا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىش، ئېغىر جاپالىق ئىشلەش، بەك ئىسسىق ھەم قورغاق يەرلەردە بەك كۆپ تەرلەش ياكى ئۈچەي كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئىچى بەك سۈرۈپ بەدەننىڭ نەملىكىنى يوقۇتۇشى، ئۇزۇن ۋاقىت بەك ئاچ قېلىش، بەك جاپالىق ئېغىر ئىشلارنى قىلىش، بەك ئۇزۇن ئۇخلىماي ئىشلەش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەندە سەۋدا خىلتى نۇرمال مىقداردىن ئېشىپ كېتىدۇ. سەۋدا خىلتىنىڭ مىقدارى ئارتىپ كەتكەندە بەدەندە سوغۇق قۇرۇق كەيپىيات كۈچىيىپ كېتىدۇ، بۇ خىل قۇرۇق سوغۇق كەيپىيات قاننى تەدرىجىي قويۇلدۇرۇپ، قان تومۇرنىڭ تەبىئىي نەملىكىنى قۇرۇتۇپ قان تومۇرنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى

ۋە ئۆتكۈرلۈكى تۆۋەنلىتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قان تەركىبىدىكى ئاسان چۆكمىسىگە چۈشىدىغان ماددىلار قان تومۇر دىۋارىدا ئولتۇرۇشۇپ، قان تومۇرنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئەھۋال ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، مېڭىگە ئوخشاش قىل قان تومۇرلار مول بولغان ئەزالاردا توسۇلۇش بولىدۇ .

يەنە بۇخىل سەۋدا خىلتى قان تومۇرلاردا ئاسانلا چۆكمە پەيدا قىلىپ، قان تومۇر ئىچكى دىۋارىنى قېلىنلاشتۇرۇپ، قان تومۇر قېتىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرىدە باش ئاغرىش، باش قېيىش، ھالسىزلىق، پۇت قول ئېغىر بۇلۇش، ئېغىز - بۇرنى ۋە كۆزى قۇرغاق بولۇش، ئۇيقۇ كەم بولۇش، تومۇرى ئىنچىكە ئاستا سېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بىمار يەنە گۇمانخور بولۇپ كۆپ خىيال قىلىدۇ، يالغۇز قېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، قورقۇنچلۇق خىياللارنى كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سەۋدا خىلتىنى تەڭشەپ، نورماللاشتۇرغۇچى ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن بادام ھالۋىسى، سېرىق ماي، نۇقۇت، زەغىر ئەزمىسى، سېرىق پۇرچاق، كۈنجۈت، بادام مېغىزى، سېمىز توخۇ گۆشى، ئۆچكە سۈتى قاتارلىقلار دىن ھەرخىل تاماقلار تەييارلاپ بېرىش، سەۋزە، قىزىل بۇغداش، قارا مور، ئەنجۈر قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن ياسالغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى يېيىش، بەك ئۇزۇن ئۇخلىماي جاپالىق ئىشلەشتىن، غەم ئەندىشە قايغۇ ـ ھەسرەتلەردىن يىراق تۇرۇش لازىم .



مۇھەممەد يۇسۇپ قارىھاجىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق
ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ قايتا - قايتا كۆزدىن كەچۈرۈلگەن
نۇسخىسى نەشردىن چىقىپ؛ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا....



# مەرىپەتلىك بولاي دېسىڭىز،
# مەرىپەتنىڭ ئوقۇرمىنى بولۇڭ!

